

مينىڭ
ٴۇممەتىم
هارۇن قىرقىل

# مېنڭ ؤٰمتم

هاروُن قرقل

مۇئەللىپ: ھارۇن قىرقىل
تۈركچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: زەينەب
ئېلخەت: astane3@gmail. com

# كىرىش سۆز

جىمى مەخلۇقاتنى يوقتىن بار قىلغان رەببىمىز بىزنى ئىنسان قىلىپ ياراتتى. بىرەر پارچە تاش، بىرەر ئۆسۈملۈك، بىرەر قۇرت-قوڭغۇز ياكى پەرقلىق بىرەر هايۋان بولۇپ يارىتىلىشىمىزمۇ مۇمكىن ئىدى. سان-ساناقسىز مەۋجۇداتلار ئىچىدە ئىنسان بولۇپ يارىتىلىشتىن تېخىمۇ چوڭ بىر نېمەت بولسا مۇسۇلمان بولۇشتۇر.

ئاللاهقا ئىمان ئېيتمىغان، ئۇنىڭ بۇيرىغانلىرىنى ئادا قىلمىغان، ئاللاهقا قۇل ئىكەنلىكىمىزنى هېس قىلالمىغان كىشىنىڭ ئىنسان بولغانلىقىنىڭ نېمە ئەهمىيىتى بار؟

بىز مۇسۇلمان بولغانلىقىمىز ئۈچۈن قانچىلىك شۈكۈر قىلساق ئاز، ئەلهەمدۇلىللاھ! ئىسلام نېمىتىگە داۋاملىق شۈكۈر قىلىش بىلەن بىرگە قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر ۋەزىپىمىز بار:

ئەلۋەتتە، ئىنسان بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ. ئاللاهقا قۇل بولۇش، پەيغەمبەرگە يار بولۇش كېرەك. پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە لايىق بىر ئۈممەت بولۇش بىزلەر ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك شان-شەرەپتۇر.

بىزلەر ئۆتمۈشتە كېلىپ كەتكەن بارلىق پەيغەمبەرلەر ئىچىدە ئۈممىتىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر پەيغەمبەرگە ئۈممەت بولدۇق. بۇ نېمەتنىڭ شۈكرىسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئىلگىرىكى بارلىق ئۈممەتلەرگە قارىغاندا

پەيغەمبىرىنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئۈممەت بولۇشىمىز كېرەك.

قىيامەت كۈنى بارلىق ئىنسانلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا ئىلگىرىكى قىلمىش-ئەتمىشلىرى، گۇناھلىرىنىڭ دەردىدە قىينىلىپ تۇرغاندا، بۇ ئەھۋالدىن مۇستەسنا بىر ئىش بولىدۇ. يەنى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھتائالاغا مۇنداق يالۋۇرىدۇ:

«ئۈممىتىم! ئۈممىتىم! ئەي ئاللاھىم، ئۈممىتىمنى كەچۈرۈم قىلغىن!...»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ دۇئاسىنى ئاللاھتائالا قوبۇل قىلمايدۇ دەپ ئويلاش مۇمكىنمۇ؟

ئۇنداقتا، ئاخىرەتتە نىجادلىققا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك يولى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز «مېنىڭ ئۈممىتىم» دەپ بىزگە ئىگە چىقالايدىغان مۇسۇلمان بولۇشىمىز كېرەك.

بۇ ئەسەرنى نەشرگە تەييارلاشتا ماڭا يېقىندىن ياردەم قىلغان، قىممەتلىك تەنقىدى پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەرگەن ھۆرمەتلىك ئىدرىس توپچۇئوغلى، فارۇق كانگەر، نۇمان نۇرۇللاھ ۋە م. ئاكىف قارايەل قاتارلىق دوستلارغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ھارۇن قىرقىل

# مۇندەرىجە


**مىنىڭ ئۆممىتىم: ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ ........ 8**

كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەت ........ 9

بېشىمنىڭ تاجى: پايدىغا ئېرىشتۈرگۈچى مۇھەببەت ........ 11

كۆڭلۈمدىكى ئىز: پۈتۈن دۇنيانى بەرسىمۇ ........ 15

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ئەراپاتتا توغۇلغان بوۋاق ........ 19

قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆممىتى ........ 21

**مىنىڭ ئۆممىتىم: پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ ........ 23**

كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئەڭ سۆيۈملۈك ئىنسان ........ 24

بېشىمنىڭ تاجى: جېنىمدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغىنىم ........ 26

كۆڭلۈمدىكى ئىز: ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا ........ 29

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: پەيغەمبىرىنى ئاقلىغان كىشى ........ 32

قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆممىتى ........ 36

**مىنىڭ ئۆممىتىم: مېھرى-شەپقەتلىكتۇر ........ 37**

كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئەگەر مېھرى-شەپقەت ئىستىسەڭ ........ 38

بېشىمنىڭ تاجى: قۇلنىڭ شەپقىتى ........ 40

كۆڭلۈمدىكى ئىز: جان قۇتقۇزغان مېھرى-شەپقەت ........ 42

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ھەممە ئادەم مېھرى-شەپقەتكە موھتاج ........ 46

قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۆممىتى ........ 49

**مېنىڭ ئۈممىتىم: مەرت، سېخىدۇر .................................... 50**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئالاھنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشىنى خالامسەن؟ ............ 51
بېشىمنىڭ تاجى: ھەزرىتى ئەلىدەك بولۇش ................................ 53
كۆڭلۈمدىكى ئىز: باي بولۇش شەرت ئەمەس! ................................ 55
ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى: مۇسۇلمان دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ! .............. 57
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ............................... 59
**مېنىڭ ئۈممىتىم: راستچىلدۇر ................................ 60**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا! ...................................... 61
بېشىمنىڭ تاجى: خەتەردىن قۇتۇلۇش ........................................ 63
كۆڭلۈمدىكى ئىز: ئانىنىڭ ۋەسىيىتى ........................................ 67
ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى: يالغان گەپ قىلىشنى كىم ئۆگىتىدۇ؟ ............... 70
**مېنىڭ ئۈممىتىم: ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ .......................... 71**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ! ..................... 72
بېشىمنىڭ تاجى: ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىش ......... 74
كۆڭلۈمدىكى ئىز: ياش ئالىملار ۋە ياش پادىشاھلار ........................ 76
ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى: ناماز پويىزىغا يېتىشەلمەسلىك ................... 78
قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى ............................... 81
**مېنىڭ ئۈممىتىم: ناماز ئوقۇيدۇ .................................. 83**
كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئاۋۋال ناماز! ............................................ 84
بېشىمنىڭ تاجى: ناماز ئوقىمىساق بولامدۇ؟ ................................ 86
كۆڭلۈمدىكى ئىز: نامازنىڭ سۈننەتلىرى ..................................... 89

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: دەسلەپ ئاغزىغا كەلگەن سوئال .................. 90

قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى .............................. 92

**مېنىڭ ئۈممىتىم: پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ .................. 93**

كۆزۈمنىڭ نۇرى: ئاللاھ پاكلانغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ ............................ 94

بېشىمنىڭ تاجى: كېلىشكەن، چىرايلىق مۇسۇلمان ........................... 96

كۆڭلۈمدىكى ئىز: ئىنسان دېگەن پاكىز بولىدۇ .............................. 98

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: دوختۇر مۇنداق دەيدۇ ............................ 100

قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى .............................. 102

**مېنىڭ ئۈممىتىم: ۋاپاداردۇر .............................. 103**

كۆزۈمنىڭ نۇرى: پەيغەمبەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىك ........................ 104

بېشىمنىڭ تاجى: ۋاپادارلىق بىلەن بىللە كەلگەن ھۆرلۈك .................. 106

كۆڭلۈمدىكى ئىز: ياخشىلىق ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ ............................ 108

ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى: ۋاپا ئىگىسى ................................. 110

قۇلىقىمدىكى مونچاق: بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى .............................. 112



«بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ.»
(بەقەرە سۈرىسى 165 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

## مېنىڭ ئۈممىتىم

## ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ

## كۆزۈمنىڭ نۇرى

# ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەت

بىر مۇسۇلمانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ھاياتىدا ئەڭ ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىك ئەڭ ئۇلۇغ زات شۇبھىسىزكى ئاللاھتائالادۇر. چۈنكى ئاللاھ بىزنى يوقتىن ياراتتى. بىزگە پاكىز ھايات بەردى، خىلمۇ-خىل نېمەتلەر بىلەن ھاياتىمىزنى گۈزەللەشتۈردى. شۇڭا رەببىمىزگە كۆڭلىمىزدە ھېس قىلغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىز بارلىق مۇھەببەتلەردىن ئۈستۈندۇر.

ئاللاھتائالا مۇنداق دەيدۇ:

**«بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىيلەرنى (يەنى بۇتلارنى) ئاللاھقا شېرىك قىلىۋالىدۇ، ئۇلارنى (مۆمىنلەرنىڭ) ئاللاھنى دوست تۇتقىنىدەك دوست تۇتىدۇ، (يەنى ئۇلۇغلايدۇ ۋە ئۇلارغا بويسۇنىدۇ). مۆمىنلەر ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ.»** (بەقەرە سۈرىسى 165-ئايەتنىڭ بىر قىسمى)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن بىرلىكتە ئولتۇرغان بىر كۈنى مۇنداق دېدى:

ئۈچ ئىشنى قىلغان مۇسۇلمان ئىماننىڭ ھالاۋىتىنى تېتىيالايدۇ:

1. ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرسە،

2. ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغان مۇسۇلماننى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرەلىسە،

3. ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئۆچ بولسا. (بۇخارى، «ئىمان»، 9. 14؛ «ئەدەب»، 42؛ مۇسلىم، «ئىمان»، 67)



## بېشىمنىڭ تاجى

# پايدىغا ئېرىشتۈرگەن مۇھەببەت

ئىسلامغا ئەڭ دەسلەپتە كۆڭلىنى بەرگەن بۇرۇنقى مۇسۇلمانلار بىردەك تەييارغا ھەييار بولۇپ، ئىمانىنى ئاتا-ئانىسىدىن مىراس ئالغان ئەمەس. مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئېغىر زۇلۇم، قىيىن-قىستاقلارغا دۇچ كەلدى، قاتتىق بەدەل تۆلىدى.



ئېغىر جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرىغان قەھرىمان ساھابىلەردىن بىرى سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاكى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىمانىنى ساقلاش ئۈچۈن خىلمۇ-خىل قىيناشلارغا بەرداشلىق بېرىپ سەۋر قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر مەككىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن نىھايەت سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ھىجرەت قىلىشنى نىيەت قىلدى. ئۇنىڭ مەدىنىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان مەككىلىك مۇشرىكلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشىپ، يولىنى توستى-دە، مۇنداق دېدى:

- سەن بۇ يەرگە كەلگىنىڭدە پېقىر، ئاجىز ئادەم ئىدىڭ. بىزنىڭ سايىمىزدە پۇل تېپىپ مال-مۈلۈككە ئىگە بولدۇڭ. ئەمدى مال-مۈلكۈڭنى ئېلىپ بۇ يەردىن كېتمەن دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ بىزنى بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىدۇ دەپ خام خىيال قىلغۇچى بولما!

سۇھەيب دەرھال ئۇلىغىدىن چۈشتى. ئوقداندىكى ئوقيالارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

- ئەي قۇرەيشلىكلەر! ھەممىڭلارغا مەلۇمكى، مەن سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىكى ئەڭ مەرگەن ئادەملەردىن بىرسى. ھازىرغىچە ئاتقان ئوقلىرىمدىن نىشانغا تەگمەي قالغىنىنى كۆردۈڭلارمۇ؟ ۋاللاھى ئوقيا بىلەن ئوقلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىلەرگە ئاتسام، ئوقلىرىم تۈگىگەندە قىلىچ بىلەن ئېلىشسام، قىلىچىم

سۇنۇپ كەتكەندە ئاندىن ماڭا يېقىن كېلەلەيسىلەر، مەن سىلەرگە تۇتۇق بەرمەي ئاخىرغىچە ئېلىشىمەن. ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ يولۇمنى توسماڭلار. سىلەر مېنى توسمىساڭلار، مال-دۇنيالىرىم سىلەرنىڭ بولسۇن. مال-مۈلكۈم ساقلانغان يەرنى دەپ بېرەيمۇ؟

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن سۇھەيب قىلچە ئىككىلەنمەستىن بارلىق مال-مۈلكىدىن ئايرىلدى. مۇشرىكلار ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ يولىنى توسمىدى. مەدىنىگە قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇرغان سۇھەيب قۇباغا يېتىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن كۆرۈشتى.

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كۆرۈپ تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ:

- سۇھەيب پايدا تاپتى! سۇھەيبكە پايدا بولدى! ئەي ئەبۇ يەھيا، (مال-مۈلكۈڭنى سېتىۋېتىپ) تىجارەتتە پايدا تاپتىڭ! سوداڭ پايدىلىق بولدى! - دېدى.

ئۇشبۇ ئايەتنىڭ سۇھەيب ھەققىدە نازىل بولغانلىقىنى رىۋايەت قىلغۇچىلار بار:

**«بەزى كىشىلەر باركى، ئۇلار ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن جېنىنى ۋە مېلىنى پىدا قىلىدۇ، ئاللاھ بەندىلىرىگە تولىمۇ مەرھەمەتلىكتۇر.»** (بەقەرە سۈرىسى 207 ـ ئايەت)



## كۆڭلۈمدىكى ئىز

### پۈتۈن دۇنيانى بەرسىمۇ...

ئوسمانلىنىڭ ئىستانبۇلنى پەتھى قىلغان مەشھۇر سۇلتانى پاتىھ سۇلتان مەھمەت خاننىڭ ئوغلى سۇلتان 3-بەيەزىدخان (1447-1512) بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى جەم سۇلتان ئارىسىدىكى تەخت تالىشىش جېدىلى تارىختىكى بىر مەشھۇر ۋەقە بولۇپ، سۇلتان بەيەزىدخان پادىشاھ بولغان دەسلەپكى تۆت يىلدا بۇ تەخت تالىشىش جېدىلى بىلەن مەشغۇل بولغانتى. تەخت تالىشىش كۈرىشىدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن بەزى ۋەقەلەر ئاچچىق-ساۋاق، ئىبرەتلەر بىلەن تولغان. چۈنكى بۇ كۈرەشتە ئۇلارنىڭ دىن ۋە ئىمان جەھەتتىكى سەۋىيىسى نامايەن بولغان.



ئاكسى بەيەزىدخانىنىڭ پادىشاھ بولۇشىغا نارازى بولغان جەم سۇلتان ئاكسى بىلەن ئۇرۇشۇپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، خرىستىئان رودۇس چەۋەندازلىرىنىڭ تەكلىپىگە ئالدىنىپ رودوسقا باردى. ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمىز دەپ ۋەدە قىلغان رودوس چەۋەندازلىرى ئۇنىڭغا خائىنلىق قىلىپ، ئۇنى ئەسىردەك يالاپ ئاپىرىپ پاپاغا سېتىۋەتتى. پاپا ئۇنىڭغا ئاكىسى بەيەزىدخانغا قارشى ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. لېكىن بۇنىڭ ئۈچۈن جەم سۇلتاننى خرىستىئان دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. بۇ دەۋەت جەم سۇلتاننىڭ قاتتىق ئاچچىغىنى كەلتۈردى. ئۇ پاپاغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- ھېلىغۇ ئوسمانلى پادىشاھلىقى ئىكەن، ماڭا پۈتۈن دۇنيانى بەرسەڭمۇ، مەن دىنىمنى قەتئىي ئۆزگەرتمەيمەن!

جەم سۇلتان خرىستىئانلارنىڭ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشتا ئۆزىدىن پايدىلانماقچى بولىۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندە ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئاللاھتائالاغا يالۋۇرۇپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

- ئەي رەببىم! كاپىرلار ئەگەر ئىسلامغا زىيان سېلىش ئۈچۈن مەندىن پايدىلانماقچى بولسا، مەن بەندەڭنى ئەمدى ياشاتمىغىن! جېنىمنى بالدۇرراق ئالغىن!

ۋاپات بولۇش ئالدىدا يېنىدىكىلەرگە مۇنداق ۋەسىيەت قىلدى:

- مېنىڭ ئۆلگەنلىك خەۋىرىمنى ھەممە يەرگە تارقىتىڭلار. كاپىرلارنىڭ

مەندىن پايدىلىنىپ مۇسۇلمانلارغا قارشى ئويۇنماقچى بولغان ئويۇنلىرىغا خاتىمە بېرىلسۇن. ئاكام سۇلتان بەيەزىدخاننىڭ يېنىغا بېرىڭلار. ئۇنىڭدىن شۇنى ئۆتۈنۈڭلاركى، قانچىلىك تەس بولۇشىدىن قەتئىنەزەر مېنىڭ جەسىدىمنى ۋەتىنىمگە ئېلىپ كەتسۇن. كاپىر دۆلەتتە يېتىشنى ئەسلا خالىمايمەن. ھازىرغىچە بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئەمدى سۇلتان ئاخىرقى ئۆتۈنىشىمنى رەت قىلمىغاي. مەرھەمەت قىلىپ بارلىق قەرزىمنى تۆلىۋەتكەي. رەببىمنىڭ ھۇزۇرىغا قەرزدار پېتى بارغۇم يوق. ئائىلەم، بالاچاقىلىرىم ۋە خىزمەتچىلىرىمنى ئەپۇ قىلغاي. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلغاي.

ھەر قانداق بىر ئىنسان جەم سۇلتانغا ئوخشاش چوڭ-كىچىك خاتالىقتىن خالىي بولالماسلىقى مۇمكىن. بىراق ئەڭ مۇھىم بولغىنى خاتالىقنى ھېس قىلغان ھامان دەرھال بۇ خاتالىقتىن قول ئۈزۈشتۇر. جەم سۇلتاننىڭ ئاكىسى بەيەزىدخان ئىنىسىنىڭ خاتالىقنى ئەپۇ قىلىپ، ئۇنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى ئورۇنلىدى. ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان بۇ ئىككى ئىنساننىڭ ئىش-ھەرىكىتىدە ئەكس ئەتكەن مۇسۇلمانلىق خاراكتېرى: دىنىغا ۋە ئىمانىغا سادىق بولۇش، ۋەتىنىنى سۆيۈش، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھەممە نەرسىسىنى پىدا قىلىش، ئىنسانلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كەڭ قورساقلىق بىلەن ئەپۇ قىلىش ... قاتارلىقلار.



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

## ئەراپاتتا تۇغۇلغان بوۋاق

ئەلى ئۇلۇۋى مۇئەللىم ھەرەمگە ھەج قىلغىلى بارغاندا ئەراپات تېغىدا ئاق كىيىملىك نېگىر ئاياللارنىڭ بىر يەردە توپلىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ھالقا شەكلىدە تىزىلىپ ئۆرە تۇرۇشقان بۇ ئاياللارنى ناماز ئوقۇۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدى. نامازشام بىلەن خۇپتەننى مۇزدەلىفەدە ئوقۇش شەرت ئەمەس ئىدى. ئۇلار ئەگەر بۇنى بىلمەي قىلىۋاتقان بولسا، بىلدۈرۈپ قوياي دەپ ئويلىدى-دە، ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ سورىدى:

- ھاماچا، سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ بۇ يەردە نېمىش قىلىۋاتىسىلەر؟

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر ياشانغان ئايال جاۋاب بەردى:

- ئوغلۇم، بىز نېگىرىيەدىن كەلدۇق. پىيادە يولغا چىققىلى ئالتە ئاي بولدى، ئاياللار بىر كارۋان، ئەرلەر بىر كارۋان بولۇپ كەلگەنتۇق. بىزنىڭ كارۋانغا توي قىلغىلى ئۇزۇن بولمىغان بىر كېلىنمۇ قوشۇلغان ئىدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ھامىلدار ئىكەن. سەپەر جەريانىدا تۇغۇتى يېقىنلاشتى. بۈگۈن كەچكىچە تولغاق ئازابى تارتتى. ھازىر بۇ يەردە تۇغۇۋاتىدۇ. ئۇنى ساقلاپ تۇرىۋاتىمىز.

بۇ ئىمان قانداق بىر ئىمانكى، كېلىن قىزنى ئۆيىدە ئولتۇرغىلى

قويمايدىغان! ھەج پەرزىنى ئادا قىلالماي ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ دېگەن غەمدە ئالتە ئاي پىيادە يول مېڭىشقا رازى. شۇ توغۇلغان بوۋاق شۇنداق بىر بەختىيار بالا ئىكەنكى، ھەج مەزگىلىدە ئەراپاتتا دۇنياغا كەلدى. دۇنياغا كېلىپ تۇنجى ئاڭلىغان ئاۋاز: «لەببەيكە ئاللاھۇممە لەببەيك!» (ساڭا كەلدۇق ئاللاھىم، ساڭا كەلدۇق) دېگەن سۆز بولدى.



## قۇلىقىمىدىكى مونچاق

# بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

بىزلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى. رەببىمىز ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمىز. ئۇنداقتا ئاللاھقا بولغان سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىزنى قانداق ئىپادىلەيمىز؟ ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئەگىشىش. ئاللاھنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنى ياخشى كۆرۈش كېرەك. پەيغەمبەرنى ياخشى كۆرۈش ئۈچۈن بولسا، ئۇنى ئۈلگە قىلىش، ئۇنىڭ سۈننىتى بويىچە ياشاش كېرەك. ئۆمرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئۆزىنىڭ يولباشچىسى دەپ قارىمىغان، ئۇنىڭ سۈننىتىگە رىئايە قىلمىغان كىشىنىڭ ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىمەن دەپ دەۋا قىلغىنىنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق.




ئاللاھتائالا قۇرئانى-كەرىمدە

مۇنــداق دېگــەن:

«(ئـى مۇھەممـەد! ئۇلارغـا) ئېيتقىنكى، «ئەگەر سـىلەر ئاللاھنى ياخشـى كۆرسـەڭلار، مـاڭا ئەگىشـىڭلاركى، ئاللاھمـۇ سـىلەرنى ياخشـى كۆرىـدۇ، (ئۆتكەنكـى) گۇناھىڭلارنـى مەغپىـرەت قىلىـدۇ. ئاللاھ ناھايىتـى مەغپىـرەت قىلغۇچىـدۇر، ناھايىتـى مېھرىبانـدۇر.»» (ئال-ئىمران سۈرىسى 31-ئايەت)



ئاللاھقا قەسەم
قىلىمەنكى، سەن
مېنى جېنىڭدىنمۇ بەك
ياخشى كۆرمىگىچە،
ئىمانىڭنىڭ ھالاۋىتىنى
تېتىيالمايسەن.
(بۇخارى، «ئىمان»، 3)

## مېنىڭ ئۈممىتىم

# پەيغەمبىرىنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## ئەڭ سۆيۈملۈك ئىنسان

مۆمىنلەرنىڭ قەلبىدىكى سۆيگۈگە ئەڭ لايىق بىردىنبىر زات ئاللاھتائالادۇر. پەيغەمبەر بولسا سۆيگۈگە ئەڭ لايىق ئىنساندۇر. بىر مۇسۇلمان ھاياتىدا ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرۈشكە تېگىشلىك ئىنسان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدۇر. چۈنكى بۇنى ئاللاھتائالا بۇيرىغان:



**«پەيغەمبەر مۆمىنلەرگە ئۇلارنىڭ ئۆز نەپسلىرىدىنمۇ بەكرەك مۇھىمدۇر.»** (ئەھزاپ سۈرىسى 6-ئايەت)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى ساھابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرغانتى. ئۇ پەيتتە ھەزرىتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئەي رەسۇلۇللاھ، سەن ماڭا جېنىمدىن باشقا ھەممە نەرسىدىن بەك سۆيۈملۈكسەن!» دېيىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بولغان سۆيگۈسىنى تىلغا ئالدى. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزىگە جاۋابەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى:

- ياق، ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، سەن مېنى جېنىڭدىنمۇ بەك ياخشى كۆرمىگۈچە ھەقىقى ئىمان ئېيتقان ھېسابلانمايسەن!

ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال بايىقى سۆزىنى تۈزىتىپ مۇنداق دېدى:

- ئۇنداقتا ۋاللاھى ھازىر مەن سېنى جېنىمدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىمەن، ئەي رەسۇلۇللاھ!

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبىرىمىز: «ئەمدى بولدى، ئۆمەر!» دېدى.

(بۇخارى، «ئىمان»، 3)

## بېشىمنىڭ تاجى

# جېنىمدىنمۇ بەك ياخشى كۆرىدىغىنىم

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە ئىسلامنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مۇئەللىملەر ئەۋەتىپ تۇراتتى. ئادال بىلەن قارە قەبىلىسىنىڭ ئەلچىلىرى مەدىنىگە كېلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىسىگە مۇئەللىم ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قەبىلىسىگە ئون كىشىلىك بىر مۇئەللىملەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى. لېكىن بۇ ئۆمەكتىكىلەر تۇزاققا چۈشۈرۈلدى. مۇئەللىملەردىن سەككىزى شېھىت بولدى، ئىككى نەپىرى ئەسىرگە چۈشتى. ئەسىرگە چۈشكەن زەيد بىن دەسىنە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىلىك مۇشرىكلارغا سېتىۋېتىلدى. مەككىلىك مۇشرىكلار بەدر ئۇرۇشىدا ئۆلتۈرۈلگەن يېقىنلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىككى ئەزىز مۇسۇلماننى ئۆلتۈرمەكچى بولدى.

مەككىلىكلەرنىڭ كاتتىۋېشى ئەبۇ سوفيان كەلدى. تۈۋرۈككە قوللىرى قايرىپ باغلانغان ۋە بىر دەمدىن كېيىن ئۆلتۈرۈلىدىغان ھەزرىتى زەيدتىن مۇنداق بىر سوئال سورىدى:

- راست گەپ قىل! ئەگەر ھازىر سېنى قويۇۋېتىپ ئۆلتۈرمىسەك، بۇ يەردە سېنىڭ ئورنۇڭدا پەيغەمبەرنىڭ بولۇشىنى خالامتىڭ؟

ھەزرىتى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق چۆچۈگەن ھالدا ئەبۇ سوفيانغا

قاراپ مۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ ئۆلتۈرۈلمەسلىكىم ۋە بالاچاقامنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتىشىم بەدىلىگە پەيغەمبىرىمنىڭ بۇ يەردە بولۇشىنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھازىر مەدىنىدە ئۇنىڭ پۇتىغا بىر تال تىكەن سانجىلىشىغىمۇ قەتئىي چىدىمايمەن!



بۇ كەسكىن جاۋابنى ئاڭلاپ هەيران قالغان ئەبۇ سوفيان مۇنداق دېدى:

- هەقىقەتەن هەيران قالارلىق! مەن دۇنيادا دوستلىرى مۇهەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈلگەن ئىككىنچى بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم.

زەيد رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ شېهىت بولۇشتىن ئىلگىرى بىر ئارزۇسى بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا كۆڭلىدىكى سۆيگۈسىنى بىلدۈرۈش ئىدى. لېكىن بۇنى هازىر قانداقمۇ پەيغەمبەرگە خەۋەر قىلالىسۇن؟! ئامالسىز كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىكتى ۋە:

- ئاللاهىم! بۇ يەردە مېنىڭ سالىمىمنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا يەتكۈزىدىغان هېچكىمىم يوق. ئۇنىڭغا سالىمىمنى سەن يەتكۈزگىن! - دەپ ئاخىرقى دۇئاسىنى قىلدى.

دەل ئۇ چاغدا مەدىنىدە ساهابىلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرغان رەسۇلۇللاھ سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم «ئۇنىڭغىمۇ سالام بولسۇن!» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ساهابىلەر هەيران بولۇپ سورىدى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ! سىز كىمنىڭ سالىمىغا جاۋاب بېرىۋاتىسىز؟

- قېرىندىشىڭلار زەيدنىڭ سالىمىغا ئىنكاس قايتۇردۇم. جىبرائىل ئەلەيهىسسالام ماڭا ئۇنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. - دېدى رەسۇلۇللاھ ئەلەيهىسسالام.

(بۇخارى، «جىهاد»، 170؛ «مەغازى»، 10، 28؛ ۋاقىدى، 1 ـ جىلد، 354 ـ 363)

كۆڭلۈمدىكى ئىز

## ئىسمىنى تىلغا ئالغاندا

غەزنەۋىيلەر دۆلىتىنىڭ پادىشاھى سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈسى تىللاردا داستان ئىدى. ئۇ پەيغەمبەر مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل ئىسمىنى تىلغا ئالغاندىمۇ تېگىشلىك ھۆرمەتنى بىجا كەلتۈرۈشنى ئۇنۇتمايتتى.



مەھمۇد غەزنەۋى ۋەزىرلىرى ئىچىدە بىر ۋەزىرنى بەكرەك ئەتىۋالايتتى. بۇ ۋەزىرنىڭ بىر ئوغلىنى بولسا دادىسىدىنمۇ بەك قىزغىن قارشى ئالاتتى. بۇ

ئەقىللىق ۋە جەسۇر يىگىتنىڭ ئۇنىڭغا ياراشقان ۋە ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان بىر ئالاھىدە تەرىپى شۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مۇھەممەد ئىدى.

بىر كۈنى پادىشاھ ۋەزىرنىڭ ئوغلى مۇھەممەدنى يېنىغا چاقىرماقچى بولۇپ، شۇ كۈنگىچە دەپ باقمىغان بىر ئۇسۇلدا «ۋەزىرنىڭ ئوغلى، بۇياققا كەل!» دېدى. ھالبۇكى، شۇ كەمگىچە داۋاملىق ئۇنى ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىرىپ كەلگەن پادىشاھ بۈگۈن باشقىچە ئىسمدا چاقىرىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن يىگىتنىڭ كۆڭلى قاتتىق ئازار يېدى.

ئوغلىنىڭ كۈنى بويى قاپقى ئېچىلمىغانلىقى، كۆڭلى يېرىملىقىنى سەزگەن دادىسى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. مۇھەممەد ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ ئۆزىنى «ۋەزىرنىڭ ئوغلى» دەپ چاقىرغانلىقىنى، ئىسمىنى دېمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. ۋەزىر:

- غەم قىلما بالام! مەن مۇۋاپىق بىر پەيتتە سۇلتانىمىزدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراپ باقاي. - دەپ تەسەللىي بەردى.

ئەتىسى ئوردىدىكى يىغىلىشتىن كېيىن ۋەزىر پادىشاھتىن ئىجازەت ئېلىپ سورىدى:

- سۇلتانىم! بىزنىڭ ئوغۇلنى تۈنۈگۈن: «ۋەزىرنىڭ ئوغلى، بۇياققا كەل!» دەپ چاقىرىپتىكەنسىز. سىز ھازىرغىچە ئۇنى دائىم ئۆز ئىسمى بىلەن چاقىراتتىڭىز. ئەجىبا ئۇ سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويدىمۇ

قانىداق؟

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرەپلىك ئىسمىنى ئوغلۇڭغا ئىسىم قىلىپ قويۇپسەن. تۇنۇگۇن ئوغلۇڭنى چاقىرماقچىدىم، لېكىن تاھارىتىم يوق ئىدى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك ئىسمىنى تاھارەتسىز تىلغا ئېلىشتىن ھايا قىلدىم. شۇڭا ئوغلۇڭ مۇھەممەدنى «ۋەزىرنىڭ ئوغلى، بۇياققا كەل!» دەپ چاقىرىشقا مەجبۇر بولدۇم. بالاڭغا ئېيتقىن، كۆڭلىنى يېرىم قىلمىسۇن، ئۇنىڭ گۇناھى يوق.

## ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# پەيغەمبەرنى ئاقلىغان كىشى

لېئونې كائىتانى ئىسىملىك بىر ياۋروپالىق زىيالىي «ئىسلام تارىخى» ناملىق بىر كىتاب يازدى. بۇ كىتابتا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە ئېغىزغا ئالغۇسىز سۆز، تۆھمەت، ھاقارەتلەر بار ئىدى. لېكىن ئىسلام دۇنياسىدىن بۇ يالغان-ياۋىداق، تۆھمەتلەرگە قارىتا كۈچلۈك رەددىيە بېرەلىگۈدەك بىرەر ئالىم چىقمىدى. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۈچۈن چوڭقۇر تەتقىقات ۋە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش كېرەكتى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىر قانچە يىل ئۆتتى.



بىر كۈنى مۇستاپا ئاسىم كۆكسال ئەپەندى بىر پىشقەدەم پارلامېنت ئەزاسى بىلەن كۆرۈشتى. بۇ كىشى كائېتانىنىڭ كىتاۋىنى ئوقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى يالغان ـ ياۋىداقلارغا ئىشىنىپ قالغان ئىدى. ئاسىم ئەپەندى بىلەن قاتتىق مۇنازىرىگە چۈشكەن بۇ پارلامېنت ئەزاسى كائېتانىنىڭ كىتاۋىدىكى بولمىغۇر سۆزلەر بىلەن ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرغاندىن كېيىن:

ـ دۇنيادا تېخى ھېچبىر مۇسۇلمان ئالىم كائېتانىنىڭ كىتاۋىدىكى سۆزلەرگە رەددىيە يېزىپ باقمىدى! ـ دېدى.

ئاسىم ئەپەندى بۇ ۋەقەنى شۇ چاغدىكى دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا ئېيتتى. كائېتانىنىڭ كىتابىنىڭ مۇسۇلمانلارغا




قانچىلىك ئېغىر زىيان سېلىۋاتقانلىقىنى، بۇنىڭغا قارىتا بىر تەدبىر قوللىنىش زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتتى. دىنىي ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر ئالىملار ھەيئىتى تەشكىللىنىپ بۇ كىتابقا رەددىيە يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. لېكىن بۇ ھەيئەت قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن تارقىلىپ كەتتى. پەيغەمبەرنى مۇداپىئە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر ۋەزىپە ئاسىم ئەپەندىگە قالدى. ئاسىم ئەپەندى ئۆزى يالغۇز ئىشلەشكە باشلىدى. ئايلار

ئۆتكەندىن كېيىن ئاسىم ئەپەندىنىڭ سالامەتلىكى ناچارلىشىپ، كېچىسى ئۇخلىيالمايدىغان، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئىشنى بىر مەزگىل توختاتماقچى بولۇپ، ئۇستازىغا مەسلىھەت سالدى. ئۇستازى ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

- سەن بۇ ئىشنى توختىتىپ قويساڭ، ئاللاھ ساڭا سالامەتلىك بېرەمدۇ؟ بۇ ئىشنى تاشلاپ قويۇش تېخىمۇ خەتەرلىك، بۇ ئالدىنقى سەپتىكى ئۇرۇشتىن قاچقانغا ئوخشايدۇ.

ئاسىم ئەپەندى ئۇ كۈنى قەتئىي نىيەتكە كەلدى: «ئۇنداق بولسا، مۇشۇ يولدا ئۆلسەم ئۆلەيكى، ئىشىمنى توختاتماي!»

ئەسەرنىڭ ئورگىناللىنى يېزىپ بولۇشقا بەش يىل ۋاقىت كەتتى. ئۇنى باسما زاۋۇتىغا بېرىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم پاكىز كۆچۈرۈپ چىقىش كېرەك ئىدى. لېكىن ئاسىم ئەپەندىنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالى كۈنسېرى ناچارلىشىپ كەتتى. دوختۇرلار ئۇنىڭغا ئاخىرەتلىككە تەييارلىق قىلىۋېلىش كېرەكلىكىنى، چۈنكى كېسىلىنىڭ ساقىيىش ئېھتىماللىقىنىڭ ئاران يۈزدە ئون پىرسەنت ئىكەنلىكىنى ئېيتىشتى. ئاسىم ئەپەندى بۇ كۈنلەردە داۋاملىق مۇنداق دۇئا قىلاتتى:

«يا رەببى! ئەگەر مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بۇ كىتابنىڭ ئىشىنى كىم قىلىدۇ؟ بۇ كىتابنى تولۇق كۆچۈرۈپ يېزىپ بېسىپ تارقاتقۇچە ماڭا مۆھلەت

بەرگىن! جېنىمنى ئالساڭ، كىتابنى نەشىر قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئال!»

ئاللاھتائالانىڭ ياردىمى بىلەن بۇ كىتاب تاماملىنىپ نەشىر قىلىندى. ئۇ كۆڭلەرنى ئەسلىگەن ئاسىم ئەپەندى كېيىن مۇنداق دەيدۇ: «كىتابنى يېزىش جەريانىدا شۇنچىلىك قىينالدىمكى، خۇددى ئىككى خوراز چوقۇشقاندا قان ئىچىدە قالىدۇ، ئىككىلىسى بىر-بىرىدىن قېچىشقا ئورۇنىدۇ، لېكىن قېچىش مۇمكىن ئەمەس، مەنمۇ شۇنداق روھىي ھالەتكە كېلىپ قالدىم. يەنە بىر تەرەپتىن مەن ئۇ كۆڭگىچە ياۋروپالىقلارنى ھەمىشە ياخشى ئادەملەر دەپ ئويلاپ كەپتىكەنمەن. ئىسلام دىنىمىز ھەققىدە كۆپ نەرسە بىلمەيدۇ، ئەمما توغرا مۇلاھىزە قىلىدۇ دەپ قاراپتىكەنمەن. لېكىن ياۋروپالىق بىر ئىلىملىك كىشىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە بۇنچىلىك رەزىل، ئىپلاس بولۇشىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن.»

«كائىبتانىگە رەددىيە» ناملىق بۇ قىممەتلىك كىتاب نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن ئىسلام دۇنياسىدا زىلزىلە قوزغىدى. مۇسۇلمانلار ئۇنى بەس-بەستە ئېلىپ خۇشاللىق ئىچىدە ئوقىدى.

## قولىقىمدىكى مونچاق

### بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

سۆيگۈچى كىشى سۆيگىنىنىڭ ئىزىنى بويلاپ ماڭىدۇ. ئۇنى ئۈلگە قىلىدۇ. سۆيگۈنىنى ھېچبىر ۋاقىت ئۇنۇتمايدۇ. ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنغاندا كۆڭلى ھاياجانغا تولىدۇ. بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى. ئۇنىڭدەك ياشاش ئۈچۈن پەيغەمبەرنىڭ ھاياتىنى ئەڭ ياخشى ئۆگىنىشكە تىرىشىمىز. قاچانكى بىزگە پەيغەمبەرنى ئەسلىتىدىغان بىر نەرسە ئۇچرىسا، ئۇنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنسا لەۋلىرىمىز ھاياجاندا تىترىگەچ پەيغەمبەرگە دۇرۇت ئوقۇيمىز. ئاللاھقا دۇئا قىلغاندىمۇ پەيغەمبەرگە لايىق بىر ئۈممەت بولۇشىمىزنى تىلەيمىز. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭ سۆيگۈسى بىلەن شاتلىنىمىز. ئۇنىڭدىن ئايرىلىش بىز ئۈچۈن ئازاپ. ئاخىرەتتە پەيغەمبەر بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن ئۆلۈمنىمۇ ياخشى كۆرىمىز.





«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بىر-بىرىڭلارغا مېھرى-شەپقەت قىلمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر.» (ھاكىم، «ئەل-مۇستەدرەك ئالەس-ساھابەين»، بېيرۇت، 1990-يىل، 4-جىلد، 185/7310)

## مېنىڭ ئۈممىتىم

## مېھرى-شەپقەتلىكتۇر

## كۆزۈمنىڭ نۇرى

# ئەگەر مېھرى-شەپقەت ئىستىسەڭ

ئاللاھتائالا مېھرىبانلارنىڭ ئەڭ مېھرىبانى، شەپقەتلىكلەرنىڭ ئەڭ شەپقەتلىكى. چەكسىز مېھرى-شەپقەت ئىگىسى بولغان رەببىمىز ئۆزى ياراتقان ھەر بىر مەخلۇقاتقا قارىتا بىزنىڭمۇ مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەتتا كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان بەندىلىرىنى ئەپۇچان، مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشقا دەۋەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

**«.....(ئۇلارنىڭ گۇناھىنى) ئەپۇ قىلسۇن، كەچۈرسۇن، ئاللاھنىڭ سىلەرگە مەغپىرەت قىلىشىنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.»** (نۇر سۈرىسى 22-ئايەت)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بىر كۈنى ساھابىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ قىلغان ئۇشبۇ سۆھبەتمۇ يۇقىرىقى ئايەتنى ياخشى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، بىر-بىرىڭلارغا مېھرى-شەپقەت قىلمىغۇچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر. - دېدى. ساھابى كىراملار:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، بىز ھەممىمىز مېھرىبان. - دېيىشتى. پەيغەمبىرىمىز سۆزىنى مۇنداق چۈشەندۈردى:

- مەن دېمەكچى بولغان مېھرى-شەپقەت پەقەتلا سىلەرنىڭ ئۆزئارا مېھرىبان بولۇشۇڭلارنى كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا، بارچە جانلىقلارغا بولغان مېھرى-شەپقەتنى كۆرسىتىدۇ. (ھاكىم، «ئەل-مۇستەدرەك ئالەس-ساھابەين»، بېيرۇت، 1990-يىل، 4-جىلد، (185/7310



بېشىمنىڭ تاجى

## قۇلنىڭ شەپقىتى

سۆيۈملۈك پەيغەمبەمبىرىمىزنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇللاھ بىن جافەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ساياھەت جەريانىدا بىر خورمىلىق باغدىن ئۆتۈپ قالدى. باغدا بىر نېگىر قۇل ئىشلەۋاتاتتى.



بۇ قۇلغا خوجايىنى ئۈچ نان ئەۋەتكەنتى. بۇ چاغدا بىر ئىت كەلدى. قۇل ئۇنىڭغا بىر نان بەردى، ئىت ئۇنى يەپ تۈگەتتى، ئىككىنچى ناننى بەردى، ئۇنى يالماپلا يۇتتى. ئۈچۈنچى ناننىمۇ بەردى، ئىت يېدى.

ئابدۇللاھ بىن جافەر قىزىقسىنىپ قۇلدىن سورىدى:

- ساڭا قانچىلىك ئىش ھەققى بېرىدۇ؟

- باياتتىن ئىتقا بەرگەن ئۈچ نان مېنىڭ ئىش ھەققىم.

- ئۇنداقتا نېمىشقا ئۈچ نانىڭ ھەممىسىنى ئىتقا بېرىسەن؟

- بۇ يەرلەرگە ئادەتتە ئىت كەلمەيتتى. بۇ ئىت چوقۇمكى يىراقلاردىن كەپتۇ. ئۇنىڭ ئاچ قالغانلىقىغا ئىچىم ئاغرىدى.

- سەن بۈگۈنلۈك تامىقىڭنى ئۇنىڭغا بەردىڭ، ئەمدى ئۆزەڭ نېمە يەيسەن؟

- سەۋرى قىلىمەن. بۈگۈنلۈك ئىش ھەققىمنى بۇ بىچارە ئىتقا ئىكرام قىلدىم.

بۇ گۈزەل ئەخلاقنى كۆرۈپ ھەيران قالغان ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- تووۋا، خەقلەر تېخى مېنى مەرت، سېخى دېيىشىدۇ. لېكىن بۇ نېگىر قۇل مەندىنمۇ بەك مەرت ئىكەن ئەمەسمۇ! - دېگەندىن كېيىن بۇ قۇلنى ۋە بۇ خورمىلىق باغنى خوجايىندىن سېتىۋالدى. قۇلنى ئازاد قىلىپ، خورمىلىق باغنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىپ بەردى. (غەززالي، «كىميايى سائادەت»، ئىستانبۇل، 1977-يىل، 467-بەت)

## كۆڭلۈمدىكى ئىز

# جان قۇتقۇزغان مېھرى-شەپقەت

ئوسمانلى سۇلتانى ئابدۇلھەمىدخاننىڭ (تەختتە ئولتۇرغان ۋاقتى 1876-1909) كاتىپى بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى:

بىر كۈنى ئاخشىمى ئوردىدا نۆۋەتچىلىك قىلىۋاتاتتىم. كەلگەن خەت-چەكلەرنى رەتلىدىم. پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرەي دەپ تۇرسام بىر تېلېگىرامما كەلدى. ئىستانبۇل لالەلى پوچتىخانا خىزمەتچىلىرىدىن بىرەيلەن سۇلتانغا تېلېگىرامما ئەۋەتىپتۇ.

تېلېگىراممىدا دېيىلىشىچە ئۇ پوچتىخانا خىزمەتچىسىنىڭ ئايالى بۇ كېچە يەڭگىمەكچى ئىكەن، تولغاق ئازابىدا قىينىلىۋېتىپتۇ. دوختۇرلار تۇغۇتى تەس ۋە خەتەرلىك دەپتۇ. بۇ خىزمەتچى نېمە قىلارىنى بىلمەي، پادىشاھتىن ياردەم تەلەپ قىلىپ بۇ تېلېگىراممىنى يوللاپتۇ. مەن بۇ تېلېگىراممىنى بەك مۇھىم ئەمەسكەن دەپ قاراپ پادىشاھقا كۆرسىتىدىغان خەت-چەكلەر تىزىملىكىگە ئالمىدىم. لېكىن پادىشاھ بارلىق تىزىملىكنى دىققەت بىلەن كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن:

- يەنە باشقا خەت-چەك بارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

بەك مۇھىملىرى يوق ئالىيلىرى. - دېدىم. بىراق پادىشاھ:

- سەن مۇھىم ئەمەس دەپ قارىغانلىرىڭ بولسىمۇ ئېلىپ كەل! - دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى تېلېگراممىنىڭ ئىشىنى ئېيتتىم. مۇھىم ئەمەس دەپ قارىغاچقا تىزىملىككە يازمىغانلىقىمنى دېدىم. پادىشاھ بىئارام بولغان ھالدا: «دەرھال ئۇنى ئېلىپ كەل!» دەپ بۇيرىدى.

چۆچۈپ ئەندىكتىم-دە، تېلېگراممىنى ئېلىپ كەلدىم. پادىشاھ ئۇنى دىققەت بىلەن ئوقىدى. ئاندىن ئوردىدىكى دوختۇرنى چاقىرىپ ماڭا قاراپ:

- سىلەر دەرھال لالىلىگە بېرىڭلار. تولغاقتا قىينىلىۋاتقان ھېلىقى ئايالغا ياردەم قىلىڭلار! - دەپ بۇيرۇق بەردى.



پادىشاھىمىزنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن ئۇردا دوختۇرى بىللەن بىللە ھېلىقى پوچتىخانا خىزمەتچىسىنىڭ ئۆيىگە باردۇق. دوختۇر ۋەزىپىسىنى ئوڭۇشلۇق ئورۇنلىدى. ئىشنى تۈگىتىپ ئوردىغا قايتقىنىمىزدا تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغان ئىدى. دەرۋازىنىڭ ئېچىلغان ئاۋازىدىن بىزنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىمىزنى سەزگەن سۇلتان پەردىنى ئېچىپ، بىزنى كىرىڭلار دەپ قولىدا ئىشارەت قىلدى. دەرھال پادىشاھنىڭ يېنىغا كىردۇق. «قانداق بولدى؟» دەپ سورىدى. تەپسىلاتىنى ئېيتتىم:



- پادىشاھىم، ئۇ ئايالنىڭ تۇغۇتى قىيىن تۇغۇت ئىكەن. بىراق ئۇستا دوختۇرنىڭ ياردىمىدە بالا ساق تۇغۇلدى، ئانىسىمۇ سالامەت، ئەلھەمدۇلىللاھ، بىر ئوغۇل بوۋاق دۇنياغا كەلدى. ئىسمىنى ئابدۇلھەمىد قويدى. ئاتا - ئانىسى سىزدىن مىننەتدار بولۇپ تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ دۇئا قىلىشتى.

بىزنىڭ دوكلاتىمىزنى ئۆرە تۇرۇپ ئاڭلىغان پادىشاھ، خەلقىنىڭ شەپقەتلىك ئاتىسى بۇنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ «ئەلھەمدۇلىللاھ!» دەپ چوڭقۇر ئوھ تارتقاندىن كېيىن ئىككى رەكئەت شۈكۈر نامىزى ئوقۇدى.

## ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

## ھەممە ئادەم مېھرى-شەپقەتكە موھتاج

1988-يىلى رامىزان ئېيىدا ئىستانبۇلدا قىش پەسلى قەھرىتان سوغۇق بولدى. ئۈسكۈداردا ئۈستى-بېشىغا قىراۋ چۈشكەن، كىيىملىرى مەينەت ئىككى مەست نىشانسىز لاغايلاپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۈچەيلىرى چاپلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ يانچۇقىدا پۇلى بولمىغاچقا ئاشخانىلارغا كىرەلمەي، يا ئەگىپ ئۆتۈپ كېتەلمەي، مېزىلىك تائاملارغا ئاچكۆزلۈك بىلەن تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. بىر ئاشخانىنىڭ كۈتكۈچىسى ئۇلارنى ئاشخانىنىڭ يېنىدىن قوغلىۋەتكەندە مۇنداق دېدى:



- بۇ يەردە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ بىكارلىق تاماق يوق جۇمۇ! كېتىڭلار، بۇ يەردە تۇرماڭلار! بۇ يەرنى ھۇدايى دەرگاھىنىڭ بىكارلىق ئاشخانىسى دەپ ئويلاپ قالدىڭلارمۇ-يا؟! مېڭىڭلار، كېتىڭلار!

لەپ-لەپ يېغىۋاتقان قاردا دىر-دىر تىترەۋاتقان بۇ ئىككى مەست بىر پارچە نان، بىر قاچا ئىسسىق ئاش ئىچىش تاماسىدا ھۇدايى دەرگاھىنىڭ ئاشخانىسىغا قاراپ مېڭىشتى. ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىشى بىلەن جامەدىن چىقىۋاتقان بىر كىشى بىلەن ئۇدۇل كېلىپ قالدى. بۇ كىشى بۇ ئىككەيلەننىڭ تۇرقىغا، ھاراق پۇراۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇلارنى ئاشخانىغا كىرىشتىن توسماقچى بولدى:

- بۇنداق ئەلەك-سەلەك مەست ھالدا نەگە كېتىۋاتىسىلەر؟ بۇ يەرنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر؟

مەستلەر مۇنداق جاۋاب بېرىشتى:

- بىزنىڭ بارغىلى كەلگىلى ھېچقانداق يېرىمىز قالمىدى. بۇ يەرگە مېھرى-شەپقەت تاما قىلىپ كەلدۇق. باشقا بارىدىغان يەر بارمۇ؟ نەگە بارىمىز؟

بۇ چاغدا ئىپتارغا كېچىكىپ كەلگەن جامائەتتىن بىرەيلەن بۇ ئىككى بىچارە ئادەمنى ئاشخانىغا كىرگىلى قويمىغان كىشىگە قاراپ:

- نېمە قىلىۋاتىسەن دوستۇم؟ ئۇلارنى توسما. بۇ ئىپتار ۋاقتىدا ئاللاھنىڭ ئىككى ئاچ بەندىسىنى ئاشخانىدىن قوغلاۋاتامسەن؟! ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنى خار كۆرۈشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟! بۇلارنىڭ قورسىقى ئاچ،

روھمۇ ئاچ. ئۇلارنى توسما، كىرسۇن، ئاللاھ بەرگەننى يېسۇن!
بۇنى ئىيتقان مېھرىبان كىشى ئىشىكنى ئېچىپ، ھۆرمەتلىك ئادەملەرنىڭ ئىززىتىنى قىلغاندەك تەلەپپۇزدا: «قېنى مەرھەمەت ئەپەندىلەر! بۇ چوڭ ئىشىك مېھرى-شەپقەت ئىشىكى. بۇ ئىشىك ھەر قانداق ئادەمگە ئوچۇق!» دەپ ئىككى مەست ئادەمنى داستىخانغا باشلىدى.
ئۇ كۈنى ئۇ مەستلەرنىڭ قورسىقى تويدى، روھمۇ غىزالاندى. ئۇ كۈنى ئۇچرىغان ياخشى مۇئامىلىدىن تەسىرلىنىپ تەۋبە قىلىپ ھاراقنى تاشلىدى. ئاللاھنىڭ ياخشى بەندىلىرىدىن بولدى.



## قولىقىمىزدىكى مونچاق

# بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

رەببىمىز بىزنى پۈتكۈل مەخلۇقاتلارغا قارىتا مېھرى-شەپقەتلىك بولۇشقا بۇيرۇپتۇ، بىزنى مېھرى-شەپقەت قىلىشقا چاقىرغان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى جېنىمىزدىن ئارتۇق سۆيىمىز، ئۇنداقتا ئاللاھ ياراتقان مەخلۇقاتلارغا قارىتا مېھرى-شەپقەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش بىزنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىمىز ۋە ئاللاھنىڭ بەندىسى ئىكەنلىكىمىزنىڭ بىر نامايەندىسىدۇر. كىم مېھرى-شەپقەتكە موھتاج بولسا «مەن بۇ يەردە!» دېسۇن، رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى بولغان بىزلەر بۇ يەردە! قولىمىزدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىمىز. ياردىمىزنىڭ يارىسىنى تاڭىمىز. ئەگەر كۆچىمىز يەتمىسە، كۆز يېشىمىز بىلەن پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن دۇئالىرىمىز ئۇزۇن دەرەخ شېخى بولىدۇ-دە، «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ ۋاقىرىغۇچى كىشىنىڭ يېنىغا ئۆزى بارىدۇ. مېھرى-شەپقەت بىلەن تولغان كۆڭلىمىزدە ھاياتنىڭ تاتلىق ۋە ئاچچىق-چۈچۈكلىرىدىن بىللە بەھرىمەن بولۇشنى بىلىمىز.





«ئى مۆمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار.»

(بەقەرە سۈرىسى 254-ئايەت)

## مېنىڭ ئۈممىتىم

## مەرت، سېخىدۇر

## كۆزۈمنىڭ نۇرى

# ئاللاھنىڭ سېنى ياخشى كۆرۈشىنى خالامسەن؟

مەرتلىك، سېخىلىق دېگەنلىك كىشى ئۆزى ئىگە بولغان نېمەتلەرنى بۇ نېمەتلەردىن مەھرۇم كىشىلەر بىلەن بىللە ئىشلىتىش، بىرلىكتە پايدىلىنىش دېگەنلىكتۇر. پۈتكۈل بەندىلىرىگە نېمەتلىرىنى مەرتلىك بىلەن ئىنئام قىلغۇچى رەببىمىز بىز بەندىلىرىنىڭمۇ ئۆزئارا مەرت، سېخى بولۇشىمىزنى خالايدۇ.



«ئى مۆمىنلەر! سودا-سېتىق، دوستلۇق ۋە (ئاللاھنىڭ رۇخسىتىسىز) شاپائەت بولمايدىغان كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى) يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، سىلەرگە بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار.» (بەقەرە سۈرىسى 254-ئايەت)

چەكسىز سېخى بولغان رەببىمىز مەرت بەندىلىرىنى ياخشى كۆرىدۇ. (تىرمىزى، «ئەدەب»، 41/2799)

بىر كۈنى بىر ھاجەتمەن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ بەزى نەرسىلەرنى بېرىشىنى ئېيتتى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ئۇنىڭغا:

- ھازىر قولۇمدا ساڭا بەرگۈدەك بىر نەرسە يوق. سەن بازارغا بېرىپ لازىملىق نەرسىلىرىڭنى ئالغىن، پۇلىنى ماڭا قەرز قىلىپ يازدۇرۇپ قويغىن. قولۇمغا پۇل كىرىشى بىلەنلا بۇ قەرزنى مەن ئۆزەم تۆلەيمەن. - دېدى.

پەيغەمبەرنىڭ قەرزدار بولۇشىغا چىدىمىغان ھەزرىتى ئۆمەر:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، يېنىڭدا بىر نەرسە بولسا بېرەرسەن. بىر نەرسە بولمىسا، قولۇڭدا يوق نەرسە بىلەن ياخشىلىق قىلالمىغىنىڭغا ئاللاھ سەندىن ھېساب سورىماس. - دېدى.

ئۆمەردە داۋاملىق سېخىلىق، مەرتلىك قىلىپ ئادەتلەنگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بۇ سۆزى ياقمىدى. بۇ چاغدا مەدىنىلىك بىر ساھابە مۇنداق دېدى:

- ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن ئەي رەسۇلۇللاھ! قولۇڭدا بىرەر نەرسە بولسىمۇ بەرگىن! بولمىسىمۇ بەرگىن! ئاللاھ ئۇنى ئاز قىلارمىكىن دەپ ئەنسىرىمە!

بۇ ساھابىنىڭ سۆزى پەيغەمبەرگە بەك ياردى. تەبەسسۇم بىلەن دېدى:

- مەن زادى مۇشۇنداق قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. (ھەيسەمى، 10-جىلد، 242)

## بېشىمنىڭ تاجى

# ھەزرىتى ئەلىدەك بولۇش

ھەزرىتى ئەلى خورمىلىق باغدا كەچكىچە ئىشلەپ، كەچتە تۆگىسىنىڭ ئۈستىگە بىر تاغار خورمىنى ئارتىپ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. تۆگىنىڭ چولۋۇرى ھەزرىتى ئەلىنىڭ ياردەمچىسى قەمبەرنىڭ قولىدا ئىدى. ئۆزى ئالدىدا پىيادە مېڭىۋاتاتتى. مەدىنە ئىچىگە كىرگەندە يول بويىدىن بىر ئاۋاز كەلدى. بىر كەمبەغەل كىشى قولىنى ئېچىپ يالۋۇرىۋاتاتتى:

ـ ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن سەدىقە بېرىڭلار! سەدىقە!

ھەزرىتى ئەلى بۇ كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياردەمچىسى قەمبەردىن سورىدى:

ـ قەمبەر، بۇ كىشى نېمە تىلەۋاتىدۇ؟ ئاڭلىدىڭمۇ؟

ـ ئاڭلىدىم، خۇرما بەرگىن دەيدۇ.

ـ بەرگىن ئەمىسە.

قەمبەر پىخسىقلىق ۋە ھورۇنلۇق قىلىپ:

ـ خۇرما تاغارنىڭ ئىچىدە! ـ دېدى.

ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەرتلىكىگە ھېچقانداق باھانە كار قىلمايدۇ:

ـ تاغار بىلەن بىللە بەرگىن ئەمىسە!

ـ تاغار تۆگىنىڭ ئۈستىدە. ـ دېدى قەمبەر. ھەزرىتى ئەلىنىڭ جاۋابى تېخىمۇ ئاسان:

ـ ئۇنداقتا تۆگە بىلەن بىللە بەرگىن!

ھەزرىتى ئەلىنىڭ سۆزىنى بىجا كەلتۈرگەن قەمبەر كېيىن مۇنداق دېدى:

ـ تۆگىنىڭ چۇلۋۇرى مېنىڭ قولۇمدا دېيىشتىن قورقتۇم. چۈنكى مېنىمۇ تۆگە بىلەن قوشۇپ ئۇ كەمبەغەل كىشىگە ھەدىيە قىلىپ بېرىۋېتىشتىن يانمايتتى.



## كۆڭلۈمدىكى ئىز

# باي بولۇش شەرت ئەمەس!

مەشھۇر ئەۋلىيالاردىن ئۇبەيدۇللاھ ئەھرار ھەزرەتلىرى بېشىدىن ئۆتكەن بىر ئىشنى دەپ بەردى:

بىر كۈنى بازاردا كېتىۋاتسام بىر ئادەم يېنىمغا كېلىپلا:

- قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ماڭا تائام ئېلىپ بەرگەن بولسىڭىز. - دېدى.

ئۇ چاغدا يانچۇقۇمدا ئۇنىڭغا بەرگۈدەك پۇل يوقتى. بېشىمدىكى سەللەم ئېسىمگە كەلدى. دەرھال بىر ئاشخانىغا كىرىپ، ئاشپەزگە:



- بېشىمدىكى سەللە بىر ئاز كونا، ئەمما پاكىز. مۇشۇ سەللىنى سىزگە بەرسەم، بەلكىم قاچا-قۇمۇچلارنى سۈرتۈشكە ئىشلىتەرسىز، سىزدىن پۇل ئالمايمەن، شۇ قېرىندىشىمىزنىڭ قورسىقى ئاچ ئىكەن، ئۇنىڭغا بىر قاچا ئاش بەرسىڭىز. - دېدىم.

ئاشپەز ماقۇل دەپ ئۇ كىشىگە تائام بەردى. مېنىڭمۇ قورسىقىم ئاچ ئىدى، لېكىن يېمىدىم. ئۇ پېقىر كىشىنىڭ قورسىقى تويغىچە ساقلاپ تۇردۇم. ئۇ كىشى تائامنى يەپ بولغاندىن كېيىن ئاشپەزگە رەھمەت ئېيتىپ ئاشخانىدىن چىقتۇق. ئاشپەز سەللەمنى قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئاشپەز بەك چىڭ تۇرۇۋالدى، ئەمما مەن رەت قىلىپ، سەللەمنى ئاشخانىدا قويۇپ ماڭدىم.



## ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

### مۇسۇلمان دېگەن مۇشۇنداق بولىدۇ!

2005-يىلى 10-ئاينىڭ 8-كۈنى پاكىستاندا قاتتىق يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەردى.

يەتمىش مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئۆلگەن بۇ يەر تەۋرەشتە ساق قالغانلار ئاچلىق ۋە يوقسۇزلۇق ئازاۋىدا قىينىلىۋاتاتتى.



مۇسۇلمان قېرىنداشلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل مىساللىرىدىن بەزىسى بۇ ئاپەت سەۋەبى بىلەن تۈركىيەدە ئوتتۇرىغا چىقتى. بىر كىچىك مۇسۇلمان بالا بارلىق پۇلىسىنى بىر لىپاپا ئىچىگە سېلىپ بىر پارچە خەت بىلەن بىللە پاكىستاندىكى بىچارە قېرىنداشلىرىغا ئەۋەتتى. ئۇ بالىنىڭ خېتى مۇنداق يېزىلغان ئىدى:

«مەن بىر پېقىر ئائىلىنىڭ ئوغلىمەن. دادام تۈگەپ كەتكەن، ئانام كېسەل ياتىدۇ. ئىككى لىرا پۇلىمىز بار ئىدى، نان ئېلىش ئۈچۈن ساقلاپ قويغان. بۇنىڭ بىر لىراسىنى سىلەرگە ئەۋەتتىم. چۈنكى مەن بۈگۈن يېيىش ئۈچۈن نان تاپتىم. كەچلىككە ئۇ نان بىلەن ئىپتار قىلىمىز. مەن ئەۋەتكەن بىر لىراغا ئاپەتكە ئۇچرىغان يەردىكى بالىلارغا نان ئالارسىلەر. بۇ پۇل ھالال. كونۋېرتتقا ماركا چاپلىمىسام بولمايدىغان بولغاچقا پۇلۇمنىڭ ھەممىسىنى ئەۋەتەلمىدىم، ئەپۇ سورايمەن.»


Ben Fakir bir evin
oğluyum. Babam yok annem
hasda iki milyon ekmek
paramız vardı bunu size
bir milyonunu gönderiyo
m. Çünkü ben bu gün cadad
en ekmek buldum. Akşam
iftarı onunla yapacaz
Bu bir milyonlan deprem
deki çocuklara ekmek
alın. Bu para helaldır.
Pul parasıda vereceğim
için paramın hepsini gön
deremedim. Özür dilerim

## قۇلقىمىدىكى مونچاق

# بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

سېخى، مەرت بولۇش ئۈچۈن چوقۇم باي بولۇش شەرت ئەمەس. ئىنسانىنىڭ كۆڭلى باي بولسىلا يېتەرلىك. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز پۇچۇق خورما بېرىپ بولسىمۇ سېخىلىق قىلالايدىغانلىقىمىزنى ئېيتقان ئەمەسمىدى؟! ھەر مەرتلىك، سېخىلىق چوقۇم ماددى ياردەم بېرىش بىلەن بولۇشى كېرەك دەيدىغان قائىدىمۇ يوق. بىر تەبەسسۇم، كىچىك بىر تەۋسىيە، يولدىن ئېزىقىپ قالغان كىشىگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ قويۇش، كىشىنىڭ يۈكىنى كۆتىرىشىپ بېرىش، دەرتمەن كىشىنىڭ دەردىنى ئاڭلاش، دۇئاغا موھتاج كىشىگە دۇئا قىلىش ... قاتارلىقلارمۇ مەرتلىك، سېخىلىق دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەرتلىكىمىزنى نامايەن قىلىشقا بولىدىغان نۇرغۇن يوللار بار. ھاياتنىڭ كوچىلىرىدا بىكار لاغايلاپ يۈرۈشنىڭ ئورنىغا مەرتلىك يولىنىڭ يولۇچىسى بولايلى. چۈنكى بۇ يولنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى جەننەت ئەمەسمۇ!



«مەرتلىك بولسا شاخلىرى دۇنياغا تۇتاشقان جەننەت دەرەخلىرىدىن بىر دەرەختۇر. كىمكى بۇ دەرەخنىڭ بىر شېخىغا ئېسىلسا، بۇ شاخ ئۇنى جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ.» (بەيھاقى، «شۇئەبىيۇل ئىمان»، 7 ـ جىلد، 435)



«يالغانچى، ساختىپەز، گۇناھكار كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!» (جاسىيە سۈرىسى 7-ئايەت)

# مېنىڭ ئۈممىتىم

# راستچىلدۇر

## كۆزۈمنىڭ نۇرى

# ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!



ئاللاھتائالا بەندىلىرىنىڭ راستچىل، سەممىي، ئىشەنچىلىك بولۇشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ:

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلاركى، ئاللاھ سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى ئەپۇ قىلىدۇ.» (ئەھزاب سۈرىسى 70-ئايەت)

رەببىمىز يالغانچى، ساختىپەز ئادەملەرنى مۇنداق تەھدىت بىلەن ئاگاھلاندۇرىدۇ:

«يالغانچى، ساختىپەز، گۇناھكار كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!» (جاسىيە سۈرىسى 7-ئايەت)

بىر كۈنى ساھابىلەردىن بىرەيلەن رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق سورىدى:

- جەننەتكە كىرىشىمگە قايسى ئەمەل ياردەم قىلالايدۇ؟

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى:

- راستچىللىق، راست گەپ قىلىشتۇر. كىشى راست گەپ قىلسا ياخشىلىق قىلىدۇ. ياخشى ئىش قىلغۇچىغا ئاللاھتائالا ئىمان نېسىپ قىلىدۇ. ئىمان ئېيتىپ ياخشى ئىشلارنى (ئەمەللەرنى)، ئىبادەتلەرنى ئادا قىلىپ گۇناھلاردىن يىراقلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ جەننەتكە كىرىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان ئۇ ساھابە:

- ئۇنداقتا كىشىنى جەھەننەمگە باشلايدىغان ئىشلار قايسىلار؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:



- يالغان گەپ قىلىش. كىشى يالغان گەپ قىلغانسىرى گۇناھ پاتقىقىغا پاتىدۇ. گۇناھكار بولغانسىرى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى كۆرەلمەيدۇ. نانكۆرلۇك، تۇزكورلۇق قىلىدۇ. ئاللاھقا تۇزكورلۇق قىلغان كىشى جەھەننەمگە كىرىدۇ.

(بۇخارى، «ئەدەب»، 69؛ مۇسلىم، «بىرر»، 102، 103، 2006، 2607)

بېشىمنىڭ تاجى

## خەتەردىن قۇتۇلۇش

ۋىزانتىيە پادىشاھى پۇتكۇل ئەرەبىستاننى ئىشغال قىلىپ ئىسلامنى يوقىتىشنى قەستلەپ يۈرەتتى. شۇڭلاشقا خرىستىئان ئەرەبلەر بىلەن بىرلىشىپ زور بىر قوشۇن تەييارلىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى ئاڭلاپلا دەرھال مەدىنىدە ئۇرۇشقا تەييارلىنىش بۇيرۇقى چۈشۈردى. بۇ ۋاقىت ياز پەسلى بولۇپ، ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. دۈشمەن ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، سەپەر مۇساپىسىمۇ ئۇزۇن ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزگىلدە مەدىنىدە ئاچارچىلىق يۈز بەرگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئاشلىق مەسلىسىدىمۇ قىيىن ئەھۋالدا ئىدى. بۇنى پۇرسەت بىلگەن مۇناپىقلار جىم تۇرماي پىتنە-پاسات تارقىتىۋاتاتتى:

- مۇھەممەد ۋىزانتىيە دۆلىتىنى كىچىك باللارنىڭ ئويۇنچىقى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى.

- بۇنداق ئىسسىق ھاۋادا قانداقمۇ ئۇرۇشقا بارغىلى بولسۇن؟

تەييارلىقلار تەل بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەر شەھەردىن چىقىپ مەدىنە بىلەن شام (سۈرىيە) ئارىسىدىكى تەبۇكقا باردى. بۇ ئۇرۇشقا پەقەتلا مۇناپىقلار قاتناشمىدى. يەنە ئۈچ نەپەر سەمىمىي مۇسۇلمانمۇ بار بولۇپ، ئۇلار بۈگۈن يولغا چىقمىسىز، ئەتە يولغا چىقمىز دەپ يۈرۈپ كېچىكىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنىدىن يىراقتا قالدى.

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ساھابىلەر تەبۇكتىن غەلبە بىلەن قايتىپ كەلدى. مەدىنىدە قالغان مۇناپىقلارنىڭ ھەر بىرى قەسەم قىلىپ يالغان باھانە-سەۋەبلەرنى ئېيتىپ كېلىپ كەچۈرۈم سوراشقا باشلىدى. نۆۋەت ئۈچ مۇسۇلمانغا كەلدى. ئۇلار پەيغەمبەرنىڭ ئالدىغا كەلگەندە راست گەپ قىلىشتى:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، بىزنىڭ ئۇرۇشقا قاتناشماسلىققا ھېچقانداق باھانىمىز يوقتى. ھاۋا ئىسسىق بولغاچقا ئىككىلەندۇق. خورمىلىق بېغىمىزدا ئىشلەش بىزگە تېخىمۇ خوش ياقتى. شەيتاننىڭ كەينىگە كىردۇق. نەپسىمىزگە ئالداندۇق. بىزنىڭ باشقا باھانىمىز يوق. بىزنى كەچۈرۈڭ!



پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا گەپ قىلمىدى. پەقەتلا ئۇلار ھەققىدە ئاللاھتائالا ئايەت نازىل قىلىپ ئۇلارنى ئەپۇ قىلغۇچە ساقلاشنى ئىپتتى.

ئۇلار ساقلاشقا باشلىدى، ئاللاھنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى كۈتۈش... بۇ كۈتۈش چۆلنىڭ ئىسسىق ھاۋاسىدىنمۇ بەك بىئارام قىلدى. ئۇ ئۈچ مۇسۇلمان قاتتىق ئازابلاندى. چۈنكى پەيغەمبەر ئۇلارغا گەپ قىلمايتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۇلارغا قىيدىغاندەك سالام قىلمايتتى. مۇناپىقلار پات ـ پات كېلىپ: «راست گەپ قىلىپ قانداق بولدۇڭلار؟! سىلەرمۇ بىزدەك باھانە ـ سەۋەپ تاپقان بولساڭلارچۇ كاشكى!» دەپ مەسخىرە قىلىشتى.

كەڭرى ئالەم ئۇلارغا تار كېلىۋاتاتتى. لېكىن يەنىلا سەۋرى ـ تاقەت قىلىپ ئاللاھنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى كۈتتى.



ئۇلارنىڭ راستچىللىقى تۈپەيلى ئاللاھتائالا ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى. ئەللىك كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئەپۇ قىلىنغانلىقى ھەققىدە ئايەت نازىل بولدى. يالغان گەپ قىلماي راست گەپ قىلىپ گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان كەئب بىن مالىك بۇ ئۈچ كىشىدىن بىرى ئىدى. ئۇ كېيىن مۇنداق دېدى:

ـ ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن رەببىم ماڭا بەرگەن ئەڭ چوڭ نېمەت پەيغەمبەرنىڭ ئالدىدا راست گەپ قىلىشنى نېسىپ قىلغانلىقى بولدى. شۇنداق قىلىپ يالغان گەپ قىلغان مۇناپىقلار بىلەن بىللە ھالاك بولۇشتىن قۇتۇلدۇم. چۈنكى تەبۇك سەپىرىگە چىقماي يالغان گەپ قىلغان مۇناپىقلار ھەققىدە ئاللاھتائالا مۇنداق دېگەن:

«ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار)نىڭ يېنىغا قايتىپ بارغىنىڭلاردا، ئۇلار سىلەرنىڭ ئۇلارنى ئەيىبلىمەسلىكىڭلار ئۈچۈن (يالغان ئۆزرىلەر بايان قىلىپ)، ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىدۇ، ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈڭلار (يەنى ئۇلار بىلەن سۆزلەشمەڭلار ۋە سالاملاشماڭلار)، ئۇلار ھەقىقەتەن نىجىستۇر، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى جەھەننەمدۇر. سىلەرنىڭ رازىلىقىڭلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۇلار سىلەرگە قەسەم ئىچىپ بېرىدۇ، سىلەر ئۇلاردىن رازى بولساڭلار (بۇ ئۇلارغا پايدا بەرمەيدۇ)، چۈنكى ئاللاھ پاسىق قەۋمدىن رازى بولمايدۇ.» (تەۋبە سۈرىسى 95ـ96ـئايەتلەر) (بۇخارى، «مەغازى»، 79)

كۆڭلۈمدىكى ئىز

# ئانىنىڭ ۋەسىيىتى

مەشھۇر ئەۋلىيالاردىن ئابدۇلقادىر جەيلانى ھەزرەتلىرى كىچىك چېغىدا باغداتقا بېرىپ ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن ئانىسىدىن ئىجازەت سورىدى. ئانىسى بالىسىدىن ئايرىلىشقا چىدىمىغانلىقى ئۈچۈن ئىجازەت بەرمىدى. كىچىك ئابدۇلقادىر ئانىسىغا توختىماي يالۋۇردى، يالۋۇردى. ئۇنىڭ يالۋۇرۇشىغا چىدىمىغان ئانىسى ئاخىرى ئۇنىڭ باغداتقا بېرىشىغا قوشۇلدى. ئابدۇلقادىرنىڭ دادىسىدىن مىراس قالغان قىرىق ئالتۇننى بىر ھەميانغا سېلىپ، بۇ ھەمياننى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ قولتۇقى ئاستىغا يۇشۇرۇپ تىكتى. ئاخىرى ئوغلىغا مۇنداق دېدى:

- ساڭا ئاق يول بولسۇن بالام. بەلكىم كېيىن يەنە بىر قېتىم يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولماسلىقى مۇمكىن. ئاناڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئېسىڭدە چىڭ ساقلا، ئەگەر بەرگەن سۈتۈمگە رازى بولسۇن دېسەڭ، ھەر قانداق ۋاقىتتا قەتئىي يالغان گەپ قىلما. ھەر ۋاقىت راستچىل بول. ئاللاھتائالا ھەر ۋاقىت ھەممە يەردە راستچىللارغا ياردەم قىلىدۇ.

ئابدۇلقادىر باغداتقا ماڭغان بىر كارۋانغا قوشۇلدى. خېلى ئۇزۇن يول يۈردى. بىر چاغدا كارۋاندا تۇساتتىن ۋاراڭ-چۇرۇڭ چىقتى. ئەسلىدە بىر توپ قاراقچىلار كارۋانغا ھۇجۇم قىلغان ئىدى. قاراقچىلار كارۋاندىكىلەرنىڭ ھەممە

نەرسىسىنى ئاقتۇرۇپ ئېلىۋالدى. نۆۋەت ئابدۇلقادىرغا كەلدى. قاراقچىلاردىن بىرسى ئۇنى مەسخىرە قىلغاچ:

- ھەي بالا، قېنى ئېيتە، سېنىڭ نېمەڭ بار؟ - دېدى.

- چاپىنىمنىڭ قولتۇقىدىكى ھەمياندا قىرىق ئالتۇنۇم بار.

قاراقچىلار ئابدۇلقادىرنى بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاشتى. ئەمما ئۇنىڭ راست سۆزلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەھۋالنى قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشىغا ئېيتتى.



ـ بۇ بالا ھەمىيىنىمدا قىرىق ئالتۇنۇم بار دەۋاتىدۇ. ـ دېيىشتى. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ئادەملىرىگە: «قېنى قاراپ بېقىڭلار!» دەپ بۇيرىدى.

قاراقچىلار ئابدۇلقادىرنىڭ چاپىنىنى ئاقتۇرۇپ قىرىق ئالتۇن بار ھەميانىنى تېپىپ باشلىقىغا بەردى. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى ھەيران بولۇپ سورىدى:

ـ بالام، سەن نېمىشقا ئالتۇنۇڭ بارلىقىنى ئېيتتىڭ؟

ئابدۇلقادىر مۇنداق دېدى:

ـ مەن ئۆيدىن چىقىدىغان چاغدا ئانامغا ھەرگىز يالغان گەپ قىلماسلىققا ۋەدە قىلغان ئىدىم. قىرىق ئالتۇننى دەپ ۋەدەمنى بۇزمايمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قاراقچى باشلىقىنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. ئۆزىنىڭ بۇ ياشقىچە قىلغان سان ـ ساناقسىز ئەسكى ئىشلىرىنى، بىر قېتىم بولسىمۇ ئاللاھقا تەۋبە قىلىپ باقمىغانلىقىنى ئەسلىدى. شۇ كۆنگىچە قىلغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنىڭ بېشىغا مۇشتلاپ ئۆكۈنۈش ئىچىدە:

ـ ۋاي ئىست بىزگە! ئاللاھتائالاغا بەندە بولىمىز دەپ ۋەدە قىلغانتۇق. لېكىن شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ ۋەدىمىزنى بۇزدۇق. يامان ئىشلارنى قىلدۇق. ئەتە مەھشەر كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ قىلارمىز؟ ـ دەپ نالە قىلدى.

ئاندىن ھەمراھلىرىغا قاراپ قاراقچىلىقتىن قول ئۈزگەنلىكىنى، ئەمدى بۇندىن كېيىن قاتتىق تەۋبە قىلىدىغانلىقىنى سۆزلىدى. باشلىقىغا بويسۇنىدىغان قاراقچىلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە تەۋبە قىلىپ توغرا يولغا قايتتى.

## ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# يالغان گەپ قىلىشنى كىم ئۆگەتتى؟

بىر دادا ئىككى ئوغلىنى ھايۋاناتلار باغچىسىغا ئېلىپ باردى. بالىلارنىڭ بىرى ئالتە ياش، يەنە بىرى يەتتە ياش ئىدى. ھايۋاناتلار باغچىسىغا كىرگەندە يەتتە ياشتىن كىچىك بالىلاردىن ھەق ئېلىنمايتتى. كىرىشتە ئۆزىگە بىلەت ئالغان دادا ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ يەتتە ياش ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ يەنە بىر كىشىلىك بىلەت پۇلىنى تەڭلىدى. بىلەت ساتقۇچى كۈلۈمسىرەپ:

ـ بالىلىرىڭىزنىڭ يېشىنى سىز ئېيتمىغان بولسىڭىز مەن پەرقلەندۈرەلمەيتتىم. بىرىنىڭ يەتتە ياش ئىكەنلىكىنى نېمىشقىمۇ دېگەنسىز؟ مەن بەرىبىر بىلەلمەيتتىم.

ـ دېدى. دادا مۇنداق جاۋاب بەردى:



ـ سىز بالىلىرىمنىڭ يېشىنى بىلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ يېشىنى بىلىدۇ. بالىلىرىمنىڭ يېنىدا يالغان گەپ قىلىپ ئۇلارغا ناچار ئۈلگە بولۇشنى خالىمايمەن.

شۈنى قەتئىي ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، راستچىل بولۇشنى ياكى يالغان گەپ قىلىشنى بالىلار ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ئۆگىنىدۇ.




## مېنىڭ ئۈممىتىم

# ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ

## كۆزۈمنىڭ نۇرى

# ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزۈشكە بولمايدۇ!

ۋاقىت ئىنساننىڭ ئەڭ قىممەتلىك خەزىنىسىدۇر. پۈتۈپ كەتكەن ھەر قانداق قىممەتلىك نەرسىنى كېيىن قايتۇرۇۋالغىلى بولۇشى مۇمكىن. لېكىن بىكار ئۆتكۈزىۋەتكەن ۋاقىتلىرىمىزنى قايتا قولىمىزغا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس.



رەببىمىز بەندىلىرىنىڭ ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەسلىكىنى، ۋاقىتتىن ئەڭ ياخشى پايدىلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. «بىر ئىشتىن بوشىغان چېغىڭدا، يەنە باشقا بىر ئىشقا كىرىشكىن. ھەر ۋاقىت رەببىڭگە يۈزلەنگىن.» (ئىنشىراھ سۈرىسى 7 ـ 8 ـ ئايەتلەر)

دۇنيادا ئۆتكۈزگەن ھەر كۈن، ھەر سائەت، ھەر مىنۇت ۋە ھەر سېكونت ۋاقتىمىزدىن ياخشى پايدىلانغان ۋاقتىمىزدا ئاخىرەت ھاياتىمىز ئۈچۈن

كىرىم قىلغان بولىمىز. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغاندا ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن زىيان بولىدۇ. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئىككى نېمەت باركى، ئىنسانلار كۆپىنچە ھالدا بۇنى ئىشلىتىشتە ئالدىنىدۇ، بۇلار: سالامەتلىك بىلەن بوش ۋاقىت.» (بۇخارى، «رىقاق»، 1)



بېشىمنىڭ تاجى

# ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىش

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىشىلەرگە ئىسلامنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ساھابىلەرنىڭ ئىچىدىكى دىنىي بىلىمى چوڭقۇر بولغانلارنى ئەتراپتىكى قەبىلىلەرگە مۇئەللىملىككە ئەۋەتكەنىتى. ئادال ۋە قارە قەبىلىسىدىكىلەر بۇ دىنىي مۇئەللىملەرنى تۇزاققا چۈشۈرۈپ ئۇلارنى شېھىت قىلدى. ئەسىرگە چۈشكەن ئىككى ساھابىنى مەككىلىك مۇشرىكلارغا ساتتى. بىر مۇسۇلماننىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قانچىلىك دەرىجىدە سۆيۈشى كېرەكلىكىنى بايان قىلغان ئالدىنقى بابتا بۇ ئىككى شېھىت ساھابىدىن بىرى بولغان زەيد بىن دەسىنەنى تىلغا ئالغاندۇق.

يەنە بىر ساھابە خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. ئۇنى مەككىدىكى باشقا بىر مۇشرىك ئائىلە سېتىۋالغانىدى. ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان كۈنگىچە بىر كامىرغا قاماپ قويىدى. مەككىلىك بىر ئادەم خۇبەيبنىڭ قامالغان چاغدىكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپ، مۇنداق دېدى:

«ئاللاھقا قەسەم قىلىمەنكى، مەن ھاياتىمدا خۇبەيبتىن تېخىمۇ ياخشى بىر ئەسىر كۆرمىدىم. مەككىدە ھېچقانداق مېۋە پىشمىغان چاغدا خۇبەيبنىڭ قاماقتا ھېلىلا ئۈزگەن يېڭى ئۈزۈم يەۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇ ئۈزۈم ئاللاھ خۇبەيبكە بەرگەن بىر رىزىق ئىدى. خۇبەيب قۇرئان ئوقۇيتتى، تەھەججۇد نامىزى ئوقۇيتتى. ئۇ قىلغان مۇڭلۇق قۇرئان قىرائىتىنى ئاڭلىغان ئاياللار تەسىرلىنىپ يىغلايتتى.

بەنى ھارىس جەمەتى ھۇبەيبنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى مەككىنىڭ سىرتىدىكى ھىل دېگەن يەرگە ئېلىپ بارغاندا ھۇبەيب ئۇلارغا مۇنداق دېدى:

- ماڭا رۇخسەت قىلىڭلار، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاي.

ئۇلار رۇخسەت قىلىشتى. ھۇبەيب ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇلارغا:

- ۋاللاھى، ئەگەر سىلەر مېنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ شۇنداق قىلدى دېمەيدىغان بولساڭلار، نامازنى تېخىمۇ ئۇزۇن ئوقۇغان بولاتتىم. - دېدى.



كۆڭۈلدىكى ئىز

# ياش ئالىملار ۋە ياش پادىشاھلار

دىنىمىز ۋاقىتقا شۇنچىلىك ئەھمىيەت بېرىدۇكى، ئىنسان تەربىيىلەشنىمۇ ئەڭ كىچىك ياشتا باشلايدۇ. تەلىم-تەربىيەدە ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئالدى بىلەن ئەڭ مۇھىم بىلىملەرنىڭ ئۆگىتىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ پايدىسىز بىلىملەرگە ۋاقىت ئىسراپ قىلىشىنى خالىمايدۇ.

17-18 ياشلارغا كىرگەن بىر مۇسۇلماننىڭ تۇرمۇشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىسلام ئالىملىرى ۋە كاتتىلارنىڭ ھاياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا كۆز ئالدىمىزغا چىققان مەنزىرە بۇنىڭ ھەقىقەتەن شۇنداق بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئىمام مالىك 17 ياشقا كىرگەندە ئوقۇشىنى تاماملاپ دەرس بېرىشكە باشلىغان. ئىمام شافىئىي 5 ياشتا "مۇۋەتتا" ئىسىملىك ھەدىس كىتابىنى يادلىغان، 15 ياشتا دىن توغرىسىدا سورالغان سوئاللارغا جاۋاب بېرىشكە باشلىغان. ئىمام ئەۋزائى بولسا 13 يېشىدا ئەڭ قىيىن دىنىي مەسىلىلەرگە توغرا جاۋابلارنى بېرەلەيدىغان بولغان. ئىمام بۇخارى باشلانغۇچ مەكتەپتىكى چېغىدىلا 15 مىڭ ھەدىسنى يادلاپ بولغان. ئىبنى سىنا 10 ياشقا كىرگەندە پۈتۈن قۇرئان ۋە ئەدەبىيات بىلىملىرىنى مۇكەممەل ئۆگىنىپ بولغان. ئوسمانلى سۇلتانى 1-مەھمەت 14 ياشقا كىرگەندە ئەنقەرە ئۇرۇشىدا ھەربىي قوشۇننىڭ قوماندانى بولغان. سۇلتان 2-مەھمەت (فاتىھ) 14

ۋە 18 يېشىدا دۆلەت تەختىگە چىققان. سۇلتان 1-ئەھمەت 14 ياشتا پادىشاھ بولغان. كىچىك ياشتا قولغان كەلتۈرۈلگەن پۈتكۈل مۇۋەپپىقىيەتلەرنىڭ سىرى "ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى بىلىشتۇر."



ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

## ناماز يولىغا يېتىشەلمەسلىك

گىرمانىيەگە تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن بارغان ۋەھبى ۋەققاسئوغلۇ مۇنداق دەيدۇ:

گېرمان تىلى مۇئەللىم ۋاقىتقا بەك رىئايە قىلاتتى. قايسى ئوقۇغۇچى قانچە مىنۇت كېچىكىپ قالسا، ئۇنى ئېنىق خاتىرلەپ قويۇپ، دەرستىن كېيىن شۇ ئوقۇغۇچىنى شۇنچىلىك ۋاقىت دەرس ئۆگەنگىلى سالاتتى.



بىر كۈنى دەرسكە 18 مىنۇت كېچىككەنلىكى ئۈچۈن سىنىپتا قېلىپ 18 مىنۇت دەرس ئۆگىنىش جازاسى ئالغان بىر ساۋاقدىشىمىز بۇنىڭغا قايىل بولماي، مۇئەللىمگە قارشى چىقتى. مۇئەللىم بۇ ساۋاقدىشىمىزغا مۇنداق دېدى:

ـ ساۋاقداشلار، سىلەر ۋاقىتقا رىئايە قىلمايۋاتىسىلەر. ھەتتا مەن

ۋاقىتقا دىققەت قىلسام، سىلەر بۇنىڭدىن نارازى بولدۇڭلار. ئەمما مەن توغرا قىلغانلىقىمغا، ئادىل بولغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

مۇئەللىم سومكىسىدىن پويىزنىڭ قوزغىلىش سائىتى يېزىلغان بىر جەدۋەلنى چىقاردى-دە، «بۇنىڭغا قاراڭلار!» دېدى. پويىزنىڭ بېكەتتىن قوزغىلىش ۋە يېتىپ بېرىش سائەتلىرى 07:17، 11:43، 15:19، 19:33 دېگەندەك قالايمىقان سانلار ئىدى. «بۇ رەتسىز سانلارنىڭ نېمە مەنىسى بار؟» دەپ سورىغىنىمىزدا مۇئەللىم مۇنداق دېدى:

- بۇ پويىزنىڭ ۋاقىت جەدۋىلى ئىسلامدىكى ۋاقىت نوقتىئىنەزىرىدىن پايدىلىنىپ تۈزۈلگەن. چۈنكى بىز ۋاقىت ئىشلىتىشنى ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشنى مۇسۇلمانلاردىن ئۆگەندۇق. سىلەرنىڭ ناماز، روزا قاتارلىق ئىبادەتلىرىڭلار ئۈچۈن يەر مۇھىم ئەمەس. پاكىز تاھارەت ئالغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ھەر قانداق يېرىدە ناماز ئوقۇيالايسىلەر. لېكىن ۋاقىت ئىنتايىن مۇھىم. چۈنكى ھەر نامازنىڭ ئۆزىگە خاس بىر ۋاقتى بار. ھەتتا بۇ ۋاقىت ئىبادەتنىڭ مۇھىم شەرتىدۇر. يەنى ناماز ۋاقتىغا رىئايە قىلمىساڭلار، بۇ ناماز مەقبۇل بولمايدۇ. نامازلارنىڭ ۋاقىتلىرىمۇ خۇددى بىزنىڭ پويىزنىڭ قوزغىلىش سائىتىدەك 18، 17، 13، 10، 9گىچە. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ۋاقىتلارمۇ داۋاملىق ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۈگۈن بامدات نامىزىنى ئەتىگەن سائەت 07:15كىچە ئوقىسىڭىز بولىدۇ، ئەتە 07:13كىچە ئوقىسىڭىز بولىدۇ،

ئەمما 19 :07غىچە ئوقۇيمەن دېسىڭىز كۈن چىقىپ قالىدۇ، بولمايدۇ. پەقەت نامازنىڭ ۋاقتىلا بۇنداق ئەمەس، روزا تۇتۇش ۋە زولۇقتىن كېيىن نىيەت قىلىش ۋاقىتلىرىمۇ مۇشۇنداقتۇر. نېمىشقا مۇشۇنداق بولىدۇ؟ بۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ مۇسۇلمانلار بۇ ئارقىلىق ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان ۋاقىتقا نىسبەتەن ھەر دائىم سەگەك تۇرىدۇ. ۋاقىتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىش ئۈچۈن تەييارلىنىدۇ. كۈندە بەش ۋاقىت ناماز ئوقۇيدىغان بىر مۇسۇلمان ھەر كۈنى ئۆزگىرىپ تۇرۇۋاتقان مىنۇتلارغا ماسلىشىپ ياشاشقا مەجبۇردۇر. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ ۋاقىتقا قانداق رىئايە قىلىشنى ئۆگىنىشىمىزنىڭ ئىلھام مەنبەسى ئىسلامدىكى ئىنچىكە ۋاقىت كۆز قارىشى بولدى، خالاس.

## قۇلىقىمدىكى مونچاق

# بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

بىزمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى، ئەلھەمدۇلىللاھ! دوختۇرخانىدا ئاغرىق ياتقان بىرەر بىمارنى يوقلاپ كەلسەك، سالامەتلىكىمىزنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ، ساغلام بولغانلىقىمىز ئۈچۈن شۈكۈر قىلىمىز. ئەمما شۇنى ئويلايمىزكى، كېسەل كىشىنىڭ ساقىيىپ ساغلام ھالەتكە كېلەلىشى مۇمكىن، بىراق بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن كۈنلەرنىڭ قايتا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس! بىر مىنۇتلۇق ئاچچىقىغا پايلىماي خاتا ئىش قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزۈپ سالغان بىر ئادەمنىڭ 10 يىل تۈرمىدە ئۆتكەن ۋاقتىنى ئويلاپ باقايلى. ئۇ كىشى شۇ ئۆتكەن بىر مىنۇتنى قايتا قولىغا ئېلىپ، ئۇ جىنايەتنى يوق قىلىش ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىشقا تەييار ئەمەس-ھە! ئاندىن بىر قەبرىستانلىقنى زىيارەت قىلىپ باقايلى. بۇ يەردە ياتقان چوڭ-كىچىك ھەر خىل كىشىلەر بىلەن



سۆزلىشەلىگەن بولساقچۇ كاشكى! دۇنيا ھاياتىدىكى بىر يىل، بىر ئاي، بىر كۈن نەقەدەر قىممەتلىك-ھە! قەبرىدىكىلەردىن سورىيالىغان، ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىيالىغان بولساق، ئۇلارنىڭ دۇنيادا بىر كۈن ئارتۇق ياشاش ئۈچۈن نېمىلەرنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولساق، قولىمىزدىكى ۋاقتىمىزنىڭ قەدرىگە شۇنچىلىك يەتكەن بولاتتۇق.



«شۇنداق ئەرلەر باركى، سودا ـ سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ.» (نۇر سۈرىسى 37 ـ ئايەت)



## مېنىڭ ئۇممىتىم

## ناماز ئوقۇيدۇ

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## ئاۋۋال ناماز!

ناماز ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ مۇھىم ئىبادەتلىرىدىن بىرىدۇر. مۇسۇلماننىڭ ناماز ئوقۇماسلىقىغا ھېچقانداق باھانىسى يوق. شۇڭا، رەببىمىز قۇرئانى كەرىمدە بىزگە مۇنداق دېگەن:

«شۇنداق ئەرلەر باركى، سودا-سېتىق ئۇلارنى ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، ناماز ئۆتەشتىن، زاكات بېرىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمايدۇ. ئۇلار دىللار ۋە كۆزلەر قالايمىقانلىشىپ كېتىدىغان كۈن (يەنى قىيامەت كۈنى)دىن قورقىدۇ.» (نۇر سۈرىسى 37-ئايەت)

قىيامەت كۈنى بىر مۇسۇلماندىن ئالدى بىلەن سورىلىدىغان سوئال نامازنى تەئدىل-ئەركان بىلەن ئادا قىلغان ياكى ئادا قىلمىغانلىقىدۇر. ئەگەر نامازنى جايىدا ئوقىغان بولسا، ئۇ مۇسۇلماننىڭ باشقا ھېسابلىرىمۇ ئاسان بولىدۇ. (تىرمىزى، «ناماز». 188/413)

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كۈنى مەسجىدتە ساھابىلەر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ سۆھبەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلارغا بەش ۋاقىت نامازنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن بىر سوئال سورىدى:

- سىلەردىن بىرەيلەننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر ئۆستەڭ بولسا، ئۇ

كىشى ھەر كۈنى بۇ ئۆستەڭدە بەش قېتىم يۇيۇنسا، ئۇنىڭ ئۈستىدە كىر قالامدۇ؟

ساھابىلەر:

ـ ئۇ كىشىنىڭ ئۈستىدە كىر قالمايدۇ، پاك ـ پاكىز بولىدۇ! ـ دەپ جاۋاب بېرىشى بىلەن، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز:

ـ ھەر كۈنكى بەش ۋاقىت نامازمۇ بۇنىڭغا ئوخشايدۇ. بەش ۋاقىت ناماز ئوقىغان بەندىنىڭ گۇناھلىرىنى ئاللاھ پاكىزلاپ يوق قىلىدۇ. ـ دېدى.

(بۇخارى، «مەۋاقىت»، 6؛ مۇسلىم، «مەساجىد»، 283، 284)



## بېشىمنىڭ تاجى

# ناماز ئوقىمىساق بولامدۇ؟

ـ ياق، بولمايدۇ ئەپەندىم!

ـ ئۇنداقتا، قايسى ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇغىلى بولمايدۇ؟

نەپەس ئېلىۋاتقان بولسىڭىز، ئەقلى ـ ھوشىڭىز جايىدا بولسا، ئۆلۈم سەكراتىدا جان تالىشىۋاتقان ھالەتتە بولمىسىڭىز، ناماز ئوقۇشىڭىز كېرەك. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ناماز توغرىسىدىكى ھوشيارلىقىنى كۆرسىتىدىغان بىر ۋەقە بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىق يورىتىپ بېرىدۇ. ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ بىر دوستى مۇنداق دەيدۇ:



ئۆمەر بىن خەتتابقا خەنجەر ئۇرۇلغاندا ئېغىر يارىلانغان ئىدى. پات ـ پات ھوشىدىن كېتەتتى. ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇ چاغدا ھوشىدىن كەتكەنىكەن. يېنىدىكىلەردىن: «ئەھۋالى قانداقراق؟» دەپ سورىدىم.

ـ كۆرگىنىڭىزدەك ھوشسىز. چاقىرساق، چاقىرساق جاۋاب بەرمەيدۇ. ـ دېيىشتى.

ـ نامازغا چاقىردىڭلارمۇ؟ ئەگەر ئۇ ھايات بولسا، ئۇنى نامازدىن باشقا ھېچقانداق ئىش ھوشىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. ـ دېدىم. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار:

ـ ئەي مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى، ناماز، ناماز ئوقۇلدى! ـ دېيىشتى. ھەزرىتى ئۆمەر دەرھال ھوشىغا كەلدى: «شۇنداقمۇ؟ ۋاللاھى، نامازنى تەرك قىلغان كىشىنىڭ ئىسلامدىن نېسىۋىسى يوق!» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېغىر يارىدار بولۇشىغا قارىماي نامىزىنى ئوقۇدى. (ھەيسەمى، 1 ـ جىلد، 295؛ ئىبنى سائاد، 3 ـ جىلد، 35؛ «مۇۋەتتا»، «تاھارەت»، 51)

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈممىتىنىڭ نامازنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشىنى تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېگەن: «مۇئەززىنىنىڭ ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىغان كىشى ھېچقانداق باھانە ـ سەۋەبى بولمىغان ئەھۋالدا جامائەتكە قوشۇلمىسا، ئۇنىڭ يالغۇز ئوقۇغان نامىزى (مۇكەممەل بىر ناماز سۈپىتىدە) قوبۇل قىلىنمايدۇ.» (ئەبۇ داۋۇد، «ناماز»، 46/551)

ھەزرىتى ئۆمەر نامازنى جامائەت بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. بىر كۈنى بامدات نامىزى ۋاقتىدا ئىككى تۇققىنىنىڭ ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى:

ـ بۇ ئادەملەرگە نېمە بولدى؟ بامدات نامىزىنى نېمىشقا جامائەت بىلەن بىللە

ئوقۇمايدۇ؟

- ئەي مۆمىنلەرنىڭ خەلىپىسى، ئۇلار خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقىدى. ئاندىن تاكى تاڭ ئاتقۇچە بىر كېچە ناماز ئوقىدى. بامدات نامىزىنى ئۆزى يالغۇز ئوقىغاندىن كېيىن ئۇخلاشقا ياتتى. - دېگەننى ئاڭلاپ، ھەزرىتى ئۆمەر مۇنداق دېدى:

- مېنىڭچە بامدات نامىزىنى جامائەت بىلەن بىللە ئوقۇش تاڭ ئاتقۇچە ناماز ئوقۇشتىن ئەۋزەلدۇر. (ئابدۇرراززاق، «ئەل-مۇسەننەف»، بېيرۇت، 1970-يىل، 1-جىلد، 526-بەت؛ «مۇۋەتتا»، «جامائەت نامىزى»، 7)



كۆڭلۈمدىكى ئىز

## نامازنىڭ سۈننەتلىرى

ئوسمانلى سۇلتانى 2-بەيەزىدخان (1447-1512) سالدۇرغان بايەزىد جامەسى بىر جۈمە كۈنى ئىبادەتكە ئېچىلغانىدى. مەشھۇر سەيياھ ئەۋلىيا چەلەبى بۇ جامەنىڭ ئېچىلىش كۈنى توغرىلىق بىرگە بەزى مەلۇماتلارنى بەردى:

جامە قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن بىر جۈمە كۈنى داغدۇغىلىق بىر مۇراسىم بىلەن جامە رەسمى ئېچىلدى. سۇلتان بەيەزىدخان مۇنداق دېدى:

- كىم ئۆمرىدە ئەسىر نامىزى بىلەن خۇپتەن نامىزىنىڭ سۈننىتىنى قەتئىي تەرك قىلمىغان بولسا، شۇ كىشى كېلىپ بۇ مۇبارەك ۋاقىتتا جامائەتكە ئىمام بولسۇن!

شۇنچە كۆپ ئادەم دېگىزى ئىچىدىن ھېچكىم مەن دەپ چىقمىدى. ئاخىرى سۇلتان بەيەزىدخان ئىمام بولۇشقا مەجبۇر بولۇپ:



- ئاللاھقا شۈكرى! مەيلى ئۇرۇش مەزگىلى ياكى تىنچلىق دەۋرى بولسۇن، پېقىر بۇ سۈننەتلەرنى ھېچبىر ۋاقىت تەرك قىلمىدىم! - دەپ ئۆزى جامائەتكە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقىدى.

## ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

# دەسلەپ ئاغزىغا كەلگەن سوئال

نامازنى ۋاقتىدا ئوقۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگۈچىلەردىن بىر جانلىق مىسال كاۋكازنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى شەيخ شامىلغا ئائىت. شەيخ شامىل ۋەتىنىنى رۇس ئىشغالچىلىرىغا قارشى قەھرىمانلىق بىلەن قوغدىغان بىر مۇسۇلماندۇر.



1829 ـ يىلدىكى گىمرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۇرۇشىدا شەيخ شامىل ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئوق تەككەن ۋە كۆكسىنى تېشىپ ئارقىسىدىن چىققان نەيزە جىگىرىنى پارچىلىۋەتكەنتى. قوۋۇرغىلىرى ئېزىلىپ، ئوڭ ئۇمۇرتقا سۆڭىكىمۇ سۇنۇپ كەتكەنتى.

ئۇنىڭ قېيناتىسى ئۇستا دوختۇر بولۇپ، ئۇنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالىشى بىلەن ئالتە ئايدىن كېيىن ئەھۋالى بىر ئاز ياخشىلاندى. ئېغىر يارىلانغان كۈندىن باشلاپ يىگىرمە بەشىنچى كۈنىگىچە سەكراتتا جان تالىشىپ

ياتقان بۇ ياش مۇجاھىت يىگىرمە بەشىنچى كۈنى ھۇشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ بېشىدا قاراپ تۇرغان ئانىسىنى كۆردى-دە، ئۇنىڭدىن سورىغان تۇنجى سوئالى:

- ئانا، ناماز ۋاقتى بولدىمۇ؟



## قۇلىقىمىزدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

«ئەي رەسۇلۇللاھ، جەننەتتە سىز بىلەن بىللە بولۇشنى تىلەيمەن» دېگەن بىر ساھابىسىگە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن:

- ئۇنداق بولسا كۆپلەپ سەجدە قىلىپ (ناماز ئوقۇپ) ئۆزەڭ ئۈچۈن ماڭا ياردەم قىلغىن! (مۇسلىم، «ناماز»، 226)

بىزمۇ جەننەتتە پەيغەمبەر بىلەن بىرگە بولۇشنى ئارزۇ قىلىمىز. بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ يولى نامازنى دىققەت بىلەن ئەستايىدىل ئوقۇشتۇر. شۇڭا نامىزىمىزنى كېچىكتۈرمەي ئوقۇشىمىز لازىم. ھورۇنلۇق قىلىپ نامازنى ۋاقتى چىقىپ كېتىشكە ئاز قالغاندا ئوقۇشنى پەيغەمبەر ياقتۇرمايدۇ. ناماز



ۋاقتى چىقىپ كېتىۋاتقاندا ھاپىلا-شاپىلا جەينامازغا كېلىپ توخۇ دان يېگەندەك ئالدىراپ تۆت قېتىم ئېگىلىپ قوپۇپ ئوقۇلغان نامازنى پەيغەمبىرىمىز «ئۇ مۇناپىقلارنىڭ نامىزى» دېگەن. («مۇۋەتتا»، قۇرئانى كەرىم، 46؛ مۇسلىم، «مەساجىد»، 195)



«ئاللاھ پاكىزلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 222-ئايەت)



## مېنىڭ ئۈممىتىم

# پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ

كۆزۈمنىڭ نۇرى

## ئاللاھ پاكلانغۇچىلارنى ياقتۇرىدۇ

دىنىمىزدا ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇش، كەبىنى تاۋاپ قىلىش قاتارلىق مۇھىم ئىبادەتلەرنىڭ دەسلەپكى شەرتى تاھارەت ئېلىش، يەنى پاكىزلىنىشتۇر. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام پاكىزلىق دىنىدۇر. ھەتتا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پاكىزلىق ئىماننىڭ يېرىمى. (مۇسلىم، «تاھارەت»، 1؛ تىرمىزى، «دەئاۋات»، 85/3517)

رەببىمىز قۇرئانى-كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:



## پاكىزدۇر، پاكىزلىقنى ياخشى كۆرىدۇ

«ئاللاھ پاكىزلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 222 ـ ئايەت)

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن:

«ئاللاھ پاكتۇر، پاك بولغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ.» (تىرمىزى، «ئەدەب»، 41/2799)

پاك ـ پاكىز ئىنسان بولۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھاياتىدا ئۈچ نەرسىنى بەك ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئېيتقان. بۇلارنىڭ بىرسى خۇشبۇي پۇراقتۇر. (نەسائىي، «ئىشرەتۇن ـ نىسا»، 10؛ ئەھمەد، 3 ـ جىلد، 128، 199)



## بېشىمنىڭ تاجى

# كېلىشكەن، چىرايلىق مۇسۇلمان

بىر قېتىم رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتە تۇرغاندا چاچ ـ ساقىلى پاخپىيىپ كەتكەن، كىيىم ـ كېچەكلىرى رەتسىز بىر ئادەم كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە چاچ ـ ساقىلىنى تۈزەشنى ئىشارەت قىلدى. («مۇۋەتتا»، «شائار»، 7؛ بەيھاقى، «شۇئاب»، 5 ـ جىلد، 225)

باشقا بىر كۈنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز چاچ ـ ساقىلى قالايمىقان چاڭگباش بىر ئادەمنى كۆرگەنىدى. كىشىنىڭ بۇ تۇرقىغا ھەيران بولۇپ سورىدى:

ـ بۇ كىشى نېمىشقا چېچىنى يۇيۇپ تارىمايدۇ؟

كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەن ئادەمنى كۆرگەندە:

ـ بۇ كىشى كىيىمىنى يۇيغۇدەك سۇ تاپالمىدىمۇ؟ ـ دېيىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىز ۋە رەتلىك بولۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەيتتى. (ئەبۇ داۋۇد، «لىباس»، 14/4062؛ نەسائىي، «زىينەت»، 60)

يەنە بىر قېتىم ئۆزىنى تۈزەشتۈرمەي قالايمىقان ھالدا كەلگەن بىر كىشىدىن پەيغەمبىرىمىز:

ـ مال ـ مۈلكۈڭ بارمۇ؟ ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ ـ دەپ سورىدى. بۇ كىشى ماددى ئەھۋالىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشى بىلەن ئۇنىڭغا:

- ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ساڭا مال-مۈلۈك بەرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى سېنىڭ قىياپىتىڭدە ئايان بولسۇن! - دېدى. (ئەبۇ داۋۇد، «لىباس»، 14/4063؛ نەسائىي، «زىينەت»، 54؛ ئەھمەد، 4-جىلد، 137)



## كۆڭۈلۈمدىكى ئىز

# ئىنسان دېگەن پاكىز بولىدۇ

ئوسمانلى سۇلتانى 2-بەيەزىدخان زامانىدا مۇسكوۋا پادىشاھىنىڭ مىخائىل پلاچتىنبىق ئىسىملىك بىر ئەلچىسى ئىستانبۇلغا كېلىپ سۇلتان بىلەن كۆرۈشمەكچى بولىدۇ. بۇ ئەلچىنىڭ تەلىۋىنى بىجا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولماي قالىدۇ. چۈنكى بۇ ئەلچى شۇنچىلىك مەينەت ئىكەنكى، بەتبۇيى پۇرىقىدىن ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كەلگىلى بولمايتتى.



بۇ ھالەتتە ئۇنى سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كىرگىلى بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنى ئاۋۋال ھاماماغا ئاپىرىپ يۇيۇندۇرۇش كېرەك. ئەلچى ئىستانبۇلنىڭ ئەڭ گۈزەل ھاماملىرىدىن بىرىگە ئېلىپ كېلىنىدۇ.

لېكىن دۆلەت ئەربابلىرى بۇ ئىشنىڭ ئۇنداق ئاسان بولمىغانلىقىنى كۆرىدۇ. چۈنكى بۇ روس ئەلچى ھاماماغا يۇيۇنۇش، پاكىز كىيىنىش دېگەنلەرنى بىلمەيتتى. بۇ كىشىگە شۇنچە چۈشەندۈرسىمۇ يۇيۇنمايمەن دەپ ۋاقىراپ-جاقىراپ چىڭ تۇرۇۋالىدۇ.

بۇ كىشىگە شۇنچە چۈشەندۈرۈشنىڭ كار قىلمىغانلىقىنى كۆرگەن دۆلەت ئەربابلىرى ۋاقىت ئىسراپ قىلمايلى دەپ شۇنداق قارار قىلىدۇ: «بۇ ئادەم مەيىنەت، پاسكىنا بولغانلىقى ئۈچۈن سۇلتاننىڭ ھۇزۇرىغا چىقالمايدۇ. قوغلاپ چىقىرىلىدى، كەتسۇن. ئىنسان كەبى باشقا بىر ئەلچى ئەۋەتىلسۇن!»

ئوسمانلى دۆلىتىنى ساياھەت قىلغان ياۋروپالىق سەيياھ دىر.ئا.برايەر مۇسۇلمانلارنىڭ پاكىزلىقى ھەققىدە مۇنۇلارنى يازغان:

«ئوسمانلى ئىنسانلىرى يۇيۇنۇپ پاكىزلىنىشقا قىلچە سەل قارىمايدىكەن. قېرىپ ياكى ئاغرىپ ماغدۇرىدىن كەتسىمۇ بالىلىرى، نەۋرىسى ياكى ئايالىنىڭ ياردىمىدە يۇيۇنۇپ پاكىزلىنىدىكەن. ئۆلگەن چېغىدىمۇ مېيىتى دىنىي قائىدە بويىچە يۇيۇلۇپ پاكىزلانماي تۇرۇپ جىنازىغا (تاۋۇتقا) قويۇلمايدىكەن. ھالبۇكى، ياۋروپالىقلار ئاغرىپ يېتىپ قالغان ياكى كۈچ-ماغدۇرىدىن كەتكەندە پاكىزلىقنى، تازىلىق قىلىشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۆلگەن چېغىدىمۇ ئۆيىدىكى ئەڭ ناچار رەختكە يۆگىلىپ تىكىلگەندىن كېيىن تاۋۇتقا قويىلىدۇ. ئائىلىسىدىكىلەر جەسەتنى يۇيۇپ تاراپ قويۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدۇ.»

## ئىسمىدىن چىقمايدىغىنى

### دوختۇر مۇنداق دەيدۇ

ئەنقەرە ھاجەتتەپە دوختۇرخانىسى تېز قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىكى پىشقەدەم دوختۇر تىمۇچىن ئالتۇغ ئۆزى ئىلگىرى گېرمانىيەدە ئىشلىگەن چاغدىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«غەربلىكلەرنىڭ كىيىملىرى ۋە تاشقى قىياپىتى بەلكىم سىلەرنى ئالدىيالىشى مۇمكىن. لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچى ناھايىتى مەينەت. مەن ياۋرۇپادا بەش يىل ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىشلىگەن بىر تۈرك دوختۇر سۈپىتىدە بۇلارنى دەۋاتىمەن. ياۋرۇپادىكى تۈرك ئىشچىلار دوختۇرخانىغا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغىلى كەلگەندە چوقۇم پاكىز يۇيۇنۇپ كېلىدۇ. غۇسلى تاھارەت ئالىدۇ. پاك-پاكىز ئىچ كىيىملىرىنى كىيىپ كېلىدۇ. ئوپېراتسىيە نەتىجىسى قانداق بولار دېگەن ھەر ئېھتىمالغا قارشى تەييارلىق بىلەن پاك-پاكىز ھالەتتە كېلىدۇ. گېرمان بىمارلار بولسا مۇسۇلمان بولمىغانلىقى ئۈچۈن تۈركلەردەك يۇيۇنماي، غۇسلى تاھارەت ئالماي، قولتۇق ۋە كىندىك ئاستىدىكى تۈكلەرنى ئادالىماي، پاسكىنا ھالدا ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە چىقىدۇ. بەزىدە بىر تۈرك بىمار كەلسە، يېنىمدىكى گېرمان سېستىرالارغا ئىپتىخارلانغان ھالدا قاراپ تۈرك ئىشچىنىڭ پاكىزلىقىنى كۆرسىتىپ قوياتتىم. بىر دەمدىن كېيىن ئوپېراتسىيەخانىغا كىرگەن بىر گېرماننىڭ تاھارەت، تازىلىق، پاكىزلىقتىن نېسىۋە ئالمىغان مەينەت ھالىتىنى ئىشارەت قىلاتتىم. ئۆمرىدە

تۈركلەردەك يۇيۇنۇپ باقمىغان، قولتۇق ۋە كىندىكى ئاستىدىكى تۈكلىرىنى ئېلىپ باقمىغان، غۇسلى تاھارەت ياكى نامازغا تاھارەت ئېلىپ باقمىغان، سۈننەت (خەتنە) قىلىنمىغان، ھاجەتخانىدىن چىققاندا قەغەزدە سۈرتۈپلا بولدى قىلىپ، ئىستىنجا قىلىپ باقمىغان بىر ياۋروپالىق بىلەن ئىسلامنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇپ پاك-پاكىز يۈرۈيدىغان بىر تۈرك ئىشچى قانداقمۇ ئوخشاش بولسۇن؟!



قۇلىقىمدىكى مونچاق

## بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئىچكى-تاشقى، ماددى-مەنىۋى جەھەتتىن پاك-پاكىز بولۇشىمىز كېرەك. جىسمانىي پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ئوي-پىكىر، نىيەت ۋە ھېس تۇيغۇلىرىمىزنىڭمۇ پاك-پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلىش ھاياتىمىزدىكى ئەڭ مۇھىم بىر قائىدە بولۇشى لازىم.

تۇرمۇشىمىزدا پاكلىق، تازىلىق ھەققىدىكى مۇئەييەن قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىش ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ مۇھەببىتى ۋە رازىلىقىغا ئېرىشكىلى بولىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك تازىلىق قائىدىلىرىدىن بىرى ھاجەتخانىدىن چىققاندىن كېيىنكى پاكىزلىققا ئەھمىيەت بېرىشتۇر. چۈنكى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھاجەتخانىدا تازىلىققا دىققەت قىلماسلىقنىڭ كىشىنىڭ قەبرىدە ئازابلىنىشىغا سەۋەب بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان. (ئىبنى ماجە، «تاھارەت»، 26)



دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك يەنە بىر نوقتا شۇكى، تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن تازىلىققا رىئايە قىلىش كېرەك. تاماقتىن ئىلگىرى ۋە كېيىن چوقۇم قول يۇيۇشىمىز لازىم. ئېغىزىمىز ۋە چىشلىرىمىزنىڭ پاكىز بولۇشىغا دىققەت قىلىش كېرەككى، بۇ ھەم پەيغەمبەر سۈننىتىدۇر.

«بۇلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بارغان قېرىنداشلىرىمغا يەر-جاي بېرىپ، ھاجىتىنى راۋا قىلغان. بۇنىڭغا جاۋابەن ئەمدى مېنىڭمۇ ئۇلارغا خىزمەت قىلغۇم بار.» (بەيھاقى، «شۇئابۇل ئىمان»، 6-جىلد، 518، 7-جىلد، 436)



## مېنىڭ ئۈممىتىم

## ۋاپادار دۇر

## كۆزۈمنىڭ نۇرى

# پەيغەمبەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىك

ۋاپا دېگەنلىك ۋەدە قىلىنغان بىر سۆزگە ئەمەل قىلىش، ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە سۆيگۈ-مۇھەببەتكە سادىق بولۇپ، بۇلارنى داۋاملاشتۇرۇش دېگەنلىكتۇر. ئۇشبۇ سەۋەپتىن پەيغەمبەرلەر ۋە ئەۋلىيالارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى ۋاپادارلىقتۇر. ئاللاھتائالا ئەۋەتكەن ھېچقانداق پەيغەمبەر ۋاپاسىزلىق قىلمىغان. ھەتتا تۆت چوڭ پەيغەمبەرلەردىن بىرى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھتائالا قۇرئان-كەرىمدە ماختاپ «ئىبراھىم ۋاپادار كىشى ئىدى» (نەجم سۈرىسى 37-ئايەت) دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھاياتى بويىچە ۋاپادارلىقنىڭ ئەڭ گۈزەل ئۈرنەكلىرىنى بىزگە كۆرسەتكەن بولۇپ، پەيغەمبەرگە ياخشىلىق قىلغانلىكى كىشىگە، ئۇ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا نەچچە ھەسسە ئارتۇق ياخشىلىق قىلىش بىلەن جاۋاب قايتۇرغانتى.

مەككىدىكى قىيىن-قىستاق، زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن مۇسۇلمانلار دەسلەپتە ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانتى. ھەبەشىستان ھۆكۈمدارى مۇسۇلمانلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىپ، ئوبدان مېھمان قىلدى. نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەبەشىستان پادىشاھىنىڭ ئەلچىلىرى مەدىنىگە كەلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى، ھەتتا ئۆزى شەخسەن ئۇلارغا خىزمەت قىلدى. ساھابە كىراملار پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھېرىپ-چارچاپ قېلىشىنى خالىماي:

- ئەي رەسۇلۇللاھ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى بىز قىلايلى، سىز ئاۋارە بولماڭ! - دېيىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

- بۇلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىپ بارغان قېرىنداشلىرىمىزغا يەر-جاي بېرىپ، ھاجىتىنى راۋا قىلغان. بۇنىڭغا جاۋابەن ئەمدى مېنىڭمۇ ئۇلارغا خىزمەت قىلغۇم بار.

(بەيھاقى، «شۇئابۇل ئىمان»، 6-جىلد، 518، 7-جىلد، 436)

ھەبەشىستان ھۆكۈمدارىنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى يېتىپ كېلىشى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىگە خىتاب قىلدى:



- ئۇزاق بىر مەملىكەتتە ۋاپات بولغان قېرىندىشىڭلارنىڭ مېيىت نامىزىنى ئوقۇڭلار! بۈگۈن ئاللاھنىڭ سالىھ (ياخشى) بەندىسى ئەسھامە نەجاشى ۋاپات بولدى. قېرىندىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەڭلار!

- دەپ ئۇنىڭ مېيىت نامىزىغا ئىماملىق قىلدى. (مۇسلىم، «جەنائىز»، 62-68؛ ئەھمەد، 3-جىلد، 319، 4-جىلد، 7)

بېشىمنىڭ تاجى

## ۋاپادارلىق بىلەن بىللە كەلگەن ھۆرلۈك

مۇسۇلمانلار ھۇنەين ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلدى. دۈشمەنلەرنىڭ كۆپ قىسمى ئەسىرگە چۈشتى. ئەسىرلەرنىڭ ئارىسىدا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈت قېرىندىشى ھەزرىتى شەيمامۇ بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى دەرھال يېنىغا چاقىرىپ قىزغىن كۈتىۋالدى.

- خوش كەلدىڭ! - دەپ كىچىك چېغىدىكى كۈنلەرنى ئەسلەپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. شەيما ئۇلارنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام:

- خالىساڭ، ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن يېنىمدا قالغىن. خالىساڭ، ساڭا مال-مۈلۈك بېرىپ قەبىلەڭگە ئەۋەتەي. سەن نېمىنى خالىساڭ شۇنى قىلىمەن. - دېدى. شەيما:

- ماڭا مال بېرىپ قەبىلەمنىڭ يېنىغا ئەۋەتكىن. - دېگەندىن كېيىن مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شەيما خانىمغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىگە قىممەتلىك مال-مۈلۈكلەرنى ھەدىيە قىلىپ بەردى.

كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەسىرلەردىن ئۆزىگە تەقسىم قىلىنغانلارنىڭ ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىملداش تۇققانلىرىنىڭ بارلىقىنى كۆرۈپ ئۇلارنى ھەممىسىنى ئازاد قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى ۋە ساھابىلەرگە:

- سىلەردىن خالىغانلار ئەسىرلىرىنى ئىختىيارى ھالدا بەدەلسىز ئازاد قىلىش

ئارقىلىق قېرىنداشلىرىنى مەمنۇن قىلىشنى خالىسا، شۇنداق قىلغان بولسا! ـ دەپ ئۆتۈندى.

ئۇنىڭغا ۋاپا بىلەن چىن كۆڭلىدىن باغلانغان ساھابىلەر:

ـ بىزمۇ ئەسىرلىرىمىزنى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە بېغىشلىدۇق! ـ دېيىشتى.

(بۇخارى، «مەغازى»، 54؛ ئىبنى ھىشام، 4 ـ جىلد، 134 ـ 135)

شۇنىڭ بىلەن ئۇ كۈنى نەچچە مىڭ ئەسىر بەدەلسىز ھالدا ئازاد قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ساھابىلەرنىڭ ۋاپادارلىقى سايىسىدا مىڭلارچە ئىنسان ئىسلامنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈپ ئىمان ئېيتتى.



## كۆڭۈلدىكى ئىز

# ياخشىلىق ھەرگىز ئۇنتۇلمايدۇ

ئالبانىيەنىڭ جەنۇبىدا بىر كەمبەغەل ئايال بار ئىدى. قەھرىتان سوغۇق قىش كۈنى كونا، يىرتىق كىيىملەر ئىچىدە توڭۇپ تىترەپ تۇرغان بىر يېتىم بالىنى كۆردى. ئۇنىڭ بۇ بىچارە تۇرقىغا چىدىمىغان ئايال بالىنىڭ پۇتىغا كونا بولسىمۇ، ئەمما سوغۇققا دالدا بولالىغۇدەك بىر جۈپ ئاياغ كىيگۈزۈپ قويىدى. ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتتى. ئۇ چاغدىكى بىچارە بالا مەكتەپتە ئەلاچى ئوقۇپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن ئوسمانلى ساراي مەكتىپى ئەندەرۇنغا قوبۇل قىلىندى. بۇ يەردە ئالىي مائارىپ تەربىيىسى ئالغاندىن كېيىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدار بولدى.



كېيىنچە ئاياز پاشا (گېنېرال) ئىسمى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى كۈنلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىدى. ئەڭ قېيىن سوغۇق كۈندە ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنغان ئۇ كونا ئاياغنى تاشلىۋەتمەي، بىر يەردە ساقلاپ قويغانتى. پاشا بولۇپ ئەملى ئۆسكەندىن كېيىن بۇ ئاياغلارنىڭ ئىچىگە لىق ئالتۇن قويدى-دە، رەھمەت تەشەككۈرنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇ كەمبەغەل مومايغا ئەۋەتتى.

بۇ ۋەقە بىر كىشىنىڭ ئۆتمۈشتە يولۇققان ياخشىلىقنى ئۇنۇتماسلىقىنىڭ تارىختا ئۆتكەن بىر گۈزەل مىسالىدۇر. بۇ مىسال بىزگە بىرىگە قىلىنغان ياخشىلىقنىڭ ھەرگىز ئۇنتۇلمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇنۇتماسلىقتا تېگىشلىك يەنە بىر نوقتا شۇكى، ياخشىلىق قىلغۇچى كىشى ياخشىلىققا ئېرىشىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت.



ئېسىمدىن چىقمايدىغىنى

## ۋاپا ئىگىسى

مۇسا توپباش ئەپەندىنى تونۇيدىغانلار ئۇنىڭ ۋاپادارلىقىغا قايىل ئىدى. مۇسا ئەپەندى جەمئىيەتتە يېقىنلىرى تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئىگە - چاقىسىز ياشانغان كىشىلەرنى كۆرگىنىدە ئۇلارغا قاتتىق ئىچ ئاغرىتاتتى.

«ئەسلى بۇ ئىگە - چاقىسىز كىشىلەرنى بىز ئۆيىمىزگە ئەكىلىپ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەكتى. بىراق ھازىرچە بۇنىڭغا شارائىتىمىز يار بەرمەيدۇ، شۇڭا بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇرايلى» دېگەن مۇسا ئەپەندى بىر قانچە يېقىنى بىلەن ھەمكارلىشىپ بىر ياشانغانلار ساناتورىيىسى قۇردى. دائىم بۇ يەردىكى كىشىلەرنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ھاجىتىنى راۋا قىلدى.



مۇسا ئەپەندىنىڭ پەرزەنتى دۇنياغا كەلگەندە دوختۇرخانىدا بۇ بوۋاققا قارىغان ۋە داۋالىغان بىر سېستىرانى ئارىدىن ئەللىك بەش يىل ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنتۇپ قالماي، ئىزدەپ سوراپ تاپتى. ياشانغىنىدا

ئىگە-چاقىسىز قالغان سېستىرانىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، ياخشىلىق قىلدى، ئىشلىرىغا ياردەملەشتى.

مۇسا ئەپەندىنىڭ ئۇستازى مەھمۇت سامى رامىزانئوغلۇ ھەزرەتلىرىگە بولغان ۋاپادارلىقىمۇ تىللاردا داستان ئىدى. ھېيت-بايراملاردا ئالدى بىلەن سامى ئەپەندىنى يوقلايتتى. سامى ئەپەندى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ، شۇ يەرگە يەرلىشىپ قالغاندا، مۇسا ئەپەندىمۇ ۋاپاتىغا قەدەر شۇ يەردە تۇرۇپ خىزمىتىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ مىلى، جېنى ۋە ئائىلىسىنى ئۇستازىنىڭ خىزمىتىگە ئاتىغانىدى. خەيرى-ساخاۋەت ئۈچۈن قۇربانلىق قىلغاندا ئۇستازى ئۈچۈنمۇ قۇربانلىق قىلاتتى. ئۇستازىنىڭ ئەزىز روھى شاد بولسۇن دەپ داۋاملىق خەتمە قۇرئان ئوقۇتاتتى.

قىش پەسلىدە بىر كۈنى مۇسا ئەپەندىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى ئۇنى يوقلاپ كەلگىنىدە شۇنچە سوغۇق ھاۋادىمۇ ئۇنىڭ مەشكە ئوت ياقماي سوغۇقتا ئەدىيالغا يۆگىنىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، نېمىشقا بۇنداق قىلغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى سورىدى. مۇسا ئەپەندى مۇنداق دېدى:

- سامى ئەپەندى تېخى مەشكە ئوت قالىمىدى. ئۇ مەشكە ئوت ياقمىسا بىزمۇ ياقالمايمىز.

ئوقۇغۇچىسى يەنە سورىدى:

- سامى ئەپەندىمىز نېمىشقا مېشىگە ئوت ياقماپتۇ؟

- كەمبەغەللەر تېخىچە مەشكە ئوت ياقماپتۇ. ئۇ ئۇلارنىڭ يېقىشىنى كۈتىۋاتىدۇ. - دېدى مۇسا ئەپەندى.

## قۇلىقىمدىكى مونچاق

### بىزمۇ ئۇنىڭ ئۈممىتى

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۈممىتى بولغان بىزلەر ۋاپادارلىقنى ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ ئاساسلىق پرىنسىپى قىلىشىمىز كېرەك. ئاتا-ئانىمىز قاتارلىق ئەڭ يېقىنلىرىمىزدىن باشلاپ بارلىق يېقىنلىرىمىزغا ۋە بىزگە يېقىنلارغا ئەسلا ۋاپاسىزلىق قىلماسلىقىمىز كېرەك. مۇئەللىم، ئۇستازلىرىمىزدىن باشلاپ بىزگە ئازراق بولسىمۇ ھەققى ئۆتكەن ھەممە كىشىگە ۋاپادار بولۇشىمىز، بىزگە قىلىنغان ياردەم، ياخشىلىقنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، كېيىنچە كۈچىمىز يەتكەندە بۇ ياخشىلىققا ئەڭ گۈزەل جاۋاب قايتۇرۇشىمىز كېرەك.

